بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى


## المسلم الصيني

## 中国穆斯林

2000

يىللىق توپلام

مجلة اسلامية ثقافية علمية جامعة




www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ خاتىرىلىرى



جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى 2000-يىل 1-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، لى رۇيخۇەن، ئىسمائىل ئەھمەد، ۋاڭ جاۋگو قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى ۋەكىللەرنى قىزغىن قوبۇل قىلىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.




يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىچېن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر قەدەم تەشرىپ قىلدى.




يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا ئىسمائىل ئەھمەد، يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلە قاتناشتى، ئىسمائىل ئەھمەد ۋەكىللەردىن سەممىي هال سوراش بىلەن بىر ۋاقىتت مۇھىم سۆز قىلدى.

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林
CHINA MUSLIM
(پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: شەمشىددىن ھاجى
تەكلىپلىك مۇھەررىر: رىشت ھاجى ۋاھىدى
تېخنىكا تەھرىرى: رىزۋانگۈل مامۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ھاجى ۋاھىدى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسمازاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتانومۇرى: 100053، تېل: (010)63513181
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى
119-قورۇ، پوچتانومۇرى: 830001، تېل: (0991)2566193

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编：夏米西丁哈吉
特聘编辑：热西提哈吉·瓦依提
技术编辑：热孜万古丽·马木提
封面设计：哈吉瓦依提
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
(北京市宣武区南横西街 103 号)
邮政编码：100053 电话：(010)63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路 119 号
邮政编码：830001 电话：(0991)2566193

## مۇندەرىجە

### ئالاھىدە خەۋەرلەر

لى رۇيخۇەن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى ........................................
... (2000-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى «خەلق» گېزىتىدىن ئېلىندى) (3)
جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى ...... ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (5)
دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا يوللىغان تەبرىك خېتى ........................................ (8)
مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگونىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا تەبرىك خېتى ........................ (9)

### 7-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ھۆججەتلىرى

جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىش نۇتقى .................... شەمشىددىن ھاجى (10)
ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىنتىلىپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، يېڭى ئەسىردە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى ... ............ مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن (11)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى.............. (25)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ئىسىملىكى ........................ (29)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە باش كاتىپى ئىسىملىكى .............. (29)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئىسىملىكى ........................ (30)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى ئىسىملىكى .................... (30)
جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى ........................................ (30)
جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ يېپىلىش نۇتقى........................................ (32)

مەملىكەت بويىچە "بەشتە ياخشى" ئۈلگىلىك مەسچىتلەر …… (34)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

زىكرى (ئاللانى ياد ئېتىش) ھەققىدە …… مۇھەممەد سالىھ ھاجى (37)
"بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم" توغرىسىدا …… قەمەردىن ئەھمەد (47)

## ۋەز-تەبلىغ

جازانىخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا …… تۇرسۇنىياز ئاۋۇت (57)
تىلەمچىلىك ۋە سەدىقە بېرىش ھەققىدە …… سابىت قارىي سەممەت (58)
قۇربانلىق قىلىش ھەققىدە قىسقىچە بايان …… ئابدۇراخمان ئىسمايىل (60)

## خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەر

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج خىزمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا زىيارەتتە بولدى …… مۇستافا ياڭ جىبو (62)
مەملىكىتىمىز قارىيسى خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلاندى …… مۇسا (63)
جۇڭگونىڭ مىسىردا ئوقۇۋاتقان تالىپلىرى مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا ئەلا بولدى …… ۋاڭ جىنيا (63)

## ئىسلام مائارىپى

قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ 9-قارارلىق تالىپ قوبۇل قىلدى …… ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (64)
خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارارلىق تالىپلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى …… تۇرغۇن ئىمىن (64)
ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ۋەزىپىدىكى ئىماملار كۇرسى ئاياغلاشتى …… ئۆمەر ماپاڭ (65)
يەكەن ناھىيىسىدە دىنىي ئىزباسارلار كۇرسى ئېچىلدى …… ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد (65)
قەشقەر كونىشەھەر ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي زاتلار كۇرسى ئاچتى …… ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (65)
قاغىلىق ناھىيىسىدە ياش دىنىي خادىملار كۇرسى ئېچىلدى …… ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (65)
قاغىلىق ناھىيىسىدە غەسساللار كۇرسى ئېچىلدى …… ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (66)
قىيار يېزىسىدا دىنىي زاتلار ۋە تالىپلار كۇرسى ئېچىلدى …… مۇھەممەت مۇرتىزا (66)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

تۆھپىكار دىنىي زاتلار …… مۇھەممەت تۇرسۇن، غالىبجان مۇھەممەت، ئوسمانجان بارات، ئازادگۈل رىشت، مەخمەت ئابدۇللا، ئەلقەم ھۇسەيىن، ئوسمانجان بارات، ئازادگۈل رىشت، ئابلىمت مۇھەممەت، نۇرەخمەت موللا (66)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار ... ئابلىز ساقى، ئابلا مەخمۇت، ئابدۇراخمان ئىسمائىل، ئەلقەم ھۇسەن، ئوسمانجان بارات، قادىرجان ئوبۇل، ھەسەنجان قارىي، نۇرەخمەت موللا، مۇھەممەت مۇرتىزا، ئابلا مەھمۇت، ئابدۇراخمان ئىسمائىل، ئاسىيگۈل ئابدۇرەھىم، ھەسەنجان قارىي (68)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

قىزىلسۇ ئوبلاستى، شىخەنزە شەھەرلىك، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك، تۇرپان ۋىلايەتلىك، يېڭىسار ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەت ئېلىپ باردى …… غالىبجان مۇھەممەت، ھۇسەنجان، مۇقارەپ ئالىم، شاھەمەردان ئىمىنىياز، ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (70)

## خەۋەرلەر

خەۋەرلەر ئاپتورلىرى …… ھەسەنجان، ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت، سەممەت دالى، ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت، سىدىق تۇردى، ئابدۇغېنى ئابدۇكېرىم، سەممەت دالى (72)
116 ياشلىق ئۆمۈر چولپىنى …… ئابدۇراخمان ئىسمائىل (9)

## ئىئانىچىلەرگە تەشەككۈر

ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىگە تەشەككۈر …… «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (63)

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: چىرا ناھىيە بازار چوڭ جامەسى …… سۈرەتنى يالقۇن تارتقان.

★ 2000-يىل 3-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى ★

# لى رۈيخۇەن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى

## — دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى كەم-كۈتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا بوشاشماي يېتەكلەش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى

جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۈيخۇەن بۈگۈن (1-ئاينىڭ 31-كۈنى) مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرىنى جۇڭنەنخەيگە تەكلىپ قىلىپ، باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. لى رۈيخۇەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى كەم-كۈتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا بوشاشماي يېتەكلەش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

لى رۈيخۇەن ئالدى بىلەن باش شۈجى جياڭ زېمىنغا ۋاكالىتەن، مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرىنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى دىنىي ساھەدىكى دوستلارنى ۋە كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى چاغانلىق تەبرىكلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئۆتكەنكى بىر يىل ئىچىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ھەر ساھەدىكى خىزمەتلىرى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە كەڭ ئېتىقادچى ئامما دۆلەتنىڭ ئومۇمىيلىقىغا ئاڭلىق تۈردە بويسۇنۇپ ۋە مۇلازىمەت قىلىپ، تىنچ-ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداش ئۈچۈن، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى. 2000-يىل مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر يىل، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئاكتىپ ئىشلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى بويلاپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما بىلەن ئېتىقاد قىلمىغۇچى ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مىللەتنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

لى رۈيخۇەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى رەئىس ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي زۇڭلى قاتارلىق پېشقەدەم رەھبەرلەرنىڭ جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگەللەپ، چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ھەرگىز ۋاقىتلىق تەدبىر ئەمەس، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەت، **بىرىنچىدىن**، بۇنى بىزنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزىرىمىز بەلگىلىگەن. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بەلگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە خىلاپ كېلىدىغان ھەرقانداق تاشقى ئارىلىشىش، مۇرەككەپ مەسىلىنى ھەرقانداق ئاددىي بىر ياقلىق قىلىشنىڭ ھېچقايسىسى ئۈنۈم بەرمەيدۇ. دىن ئىنسانلارنىڭ روھىي تۇرمۇشىدىكى بىر خىل ئومۇمىيۈزلۈك، ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن، پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشتىكى چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەنبەسى ۋە تونۇش مەنبەسىگە ئىگە، ئۇنىڭ كىشىلەر ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ ھەرىكەت قانۇنىيىتى بار، مەمۇرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق دىنىي چەكلەشكە ھەتتا يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش ئاقمايدۇ، مەمۇرىي كۈچ بىلەن دىنىي تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشمۇ خاتا. **ئىككىنچىدىن**، بۇ، بىزنىڭ تۈپ ئاساسىي مەقسىتىمىزنىڭ تەلىپى، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تۈپ ئاساسىي مەقسىتى جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە قوغداشتىن ئىبارەت، بۇ ئەلۋەتتە دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى ئەركىن تاللىۋېلىش ھوقۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەملىكىتىمىزدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىدىيە-ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، سىياسىي-ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تۈپ مەنپەئىتىنىڭ بىردەكلىكى بولسا مۇھىم ئورۇندا

تۇرىدۇ. پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنغاندىلا، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ، ئېتىقادچى ئاما بىلەن ئېتىقاد قىلمىغۇچى ئاممىنى تۈپ مەنپەئەت بىرلىكى ئاساسىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشانغا يىغقىلى بولىدۇ. **ئۈچىنچىدىن**، بۇ، دىنىنى مەملىكىتىمىز جەمئىيىتىدە ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەشنىڭ ئېھتىياجى. مەملىكىتىمىزدىكى بەش چوڭ دىن تەشەببۇس قىلىدىغان ئەدەب-ئەخلاقتا، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش، يامانلىقنى توسۇپ، ياخشىلىقنى تەرغىب قىلىش، ئاممىغا بەخت-سائادەت يارىتىشقا ئوخشاش مەزمۇنلار بار، بۇ مەزمۇنلار بىر تەرەپتىن ئىنسانلارنىڭ گۈزەل دۇنياغا تەلپۈنۈشى ۋە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. پەقەت دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويغاندىلا، دىندىكى ئاكتىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەزمۇنلارنى قېزىپ، رەتلەپ چىقىپ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئۇنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. **تۆتىنچىدىن**، بۇ، جۇڭگونىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەنمۇ بىردەكلىككە ئىگە. مەملىكىتىمىز ماسلىق مەدەنىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان دۆلەت، ماسلىقنى ئەلا بىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇ ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن، جۈملىدىن دىنغا مۇئامىلە قىلىشتىمۇ شۇنداق. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ خېلى بىر قىسمى دىنىي مەدەنىيەت بىلەن ئالاقىدار، سىرتتىن كىرگەن دىنلارمۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن ئوزۇق ئالغان، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە "جۇڭگولاشقان". بىز يولغا قويۇۋاتقان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستى جۇڭگونىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئۇ ھەم دىندار ئاممىنىڭ تەلپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ھەم ئۇنى ئاھالىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئېتىقادسىز ئاممىمۇ قوبۇل قىلالايدۇ.

لى رۇيخۇەن مۇنداق دېدى: تارىختىن قارىغاندا، ھەرقانداق بىر دىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك. ھازىرقى جۇڭگودا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ئورتاق ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دىنىي ساھەدىكىلەرمۇ ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بۇ ئىشقا كىرىششى ھەمدە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك. دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىششىنى تەكىتلىگەنلىك، تۈپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، تىرىشىپ "تۆتنى قوغداش"، يەنى: قانۇنىنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى قوغداش، خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش كېرەك، دېگەنلىك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، "تۆتنى قوغداش"تا چىڭ تۇرۇش دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇشقا پايدىلىق، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتى ۋە ئورنىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە پايدىلىق، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا پايدىلىق. بىز شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆردۇقكى، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، دىنىي ساھەدىكى نۇرغۇن زاتلار يېقىنقى يىللاردىن بېرى كۆپلىگەن پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى. ھەرقايسىڭلارنىڭ تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشكە داۋاملىق مەدەت بېرىپ ۋە ياردەمدە بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا يۈكسەلدۈرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، گوۋۇيۈەنىنىڭ باش كاتىپى ۋاڭ جۇڭيۈي، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگو، بەش چوڭ دىنىي تەشكىلات رەئىسلىرى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

(2000-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»دىن ئېلىندى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

**ئـــۈز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى 2000-يىل 1-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەت بويىچە ھــەرقـايىسى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ھەمدە مائارىپ، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن، ئىقتىساد قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى مۇسۇلمانلاردىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكــىلــلــەر بولۇپ جەمئىي 335 كىشى(بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار 31 كىشى) يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىچېن(خۇيزۇ)، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى دېجۇ، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ قاتارلىق رەھبەرلەر تەكلىپكە بىنائەن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى.

دۆلەت شېئىرى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، شىزاڭدىكى لاسا مەسچىتىنىڭ ئىمامى ياقۇب ئاخۇنۇمنىڭ قىرائىتى بىلەن يىغىن باشلاندى. يىغىنغا بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي رىياسەتچىلىك قىلدى. ئالدى بىلەن، ئىلگىرى-ئاخىر ئاللاتائالا دەرگاھىغا سەپەر قىلغان 6-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مەرھۇم سالىھ ئەن شىۋېي داموللام، مۇئاۋىن رەئىسى گەي شىمىڭ ئاخۇن، مەسلىھەتچى ئەھمەد ھاجى ۋاجىدى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى خۇاڭ چىنجى، ما جىڭجۇڭ، ھەسەن، ما فىڭدا، شاۋ گولياڭ، ئابدۇغېنى داموللا ھاجى، نا گوشياڭ، لى چاۋچى، خۇاڭ ۋېيزوڭ، ساۋ مېڭلىن، ما گوتەي قاتارلىقلار ۋە ۋاپات بولغان ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ ھارۇنخان داموللا ھاجىم دۇئا-تەكبىر قىلىپ، ئاللاتائالادىن ئــۇلارنــىڭ جەننەتلىك مەرتىۋىسىنى ئاشۇرۇشنى تىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يىغىن رەسمىي باشلىنىپ، شەمشىدىن ھاجى يىغىننىڭ ھەيئەت رىياستىگە ۋاكالىتەن يىغىن ئېچىش نۇتقى سۆزلەپ، ئالدى بىلەن، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋاكىللەرنى چىن قەلبىدىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى ۋە قارشى ئالىدىغانلىقىنى، يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلغان رەھبەرلەر ۋە مېھمانلارغا چىن دىلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئەھمىيىتى، ۋەزىپىسى ۋە قارالمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن نۇتۇق سۆزلەپ، ئالدى بىلەن، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىگە ۋاكالىتەن، يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دوستلاردىن، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللىرىدىن سەممىي ھال سورىدى. يې شاۋۋېن ئۆز نۇتقىدا، ئالدىنقى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالتە يىلدىن بۇيانقى خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە يۇقىرى باھالىدى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى ھەققىدە بەش تۈرلۈك تەجرىبە، بەش تۈرلۈك ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. يې شاۋۋېن سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ بــاشلىقى جۇ شاۋمىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگولارنىڭ يــىغىننى مۇبارەكلەپ ئەۋەتكەن تەبرىكنامىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى؛ جۇڭگو كاتولىك دىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ بونيەن قېرىنداش دىنىي تەشكىلاتلارغا ۋاكالىتەن تەبرىك نۇتقى سۆزلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن 6-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەردى. ئۇ ئۆز دوكلاتىدا ئالتە يىلدىن بۇيانقى

خىزمەتلەرنى بەش چوڭ مەسىلىگە بۆلۈپ ئەسلەپ ئۆتتى، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق خىزمەت توغرىسىدا سەككىز چوڭ مەسىلىگە بۆلۈپ تەكلىپىي پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى(بۇ دوكلات ژۇرنالدا ئايرىم بېرىلدى) .

27-چېسلا چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلار بويىچە، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن سۆزلەپ، يى شاۋۋېن ۋە مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىنلارنىڭ دوكلاتىنى قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى، ۋەكىللەر 6-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە يۇقىرى باھالاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىزمەت دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدىكى تەكلىپلەر ھەققەتەنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا، قاراتمىلىقى كۈچلۈك "ئەمەلىي، ئىخچام، مۇپەسسەل" ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەپ قارىدى ھەم بىرمۇنچە قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى.

28-چېسلا چۈشتىن بۇرۇن چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئالدى بىلەن مۇھەممەد سەئىد ما يۇنفۇ «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى»نىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتتى، ئاندىن شۇ كۈندىكى ئىجرائىيە رەئىسلىرىدىن مۇھەممەد سالىھ ھاجى ۋە شى شېڭلىنلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە پۈتۈن بىر كۈن چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقىش بولدى، ئارىلىقتا ۋەكىللەر جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى مەسچىتىگە بېرىپ جۈمە نامىزى ئوقۇدى، چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقىش داۋامىدا، ھەرقايسى رايونلار ۋە ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن 24 كىشى تۈرلۈك تېمىلاردا پىكىر بايان قىلىپ، ئىسلام دىنى ئىشلىرى، مائارىپى، مەدەنىيىتى، ئىقتىسادىي قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە جانلىق، ئەمەلىي سۆزلەپ، جۇڭگو ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىجابىي پىكىر ۋە چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى، جۈملىدىن شىنجاڭ ۋەكىلى، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم ھاجى روزىمۇ شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نەچچە يىللىق خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدا ئەتراپلىق پىكىر بايان قىلدى.

29-چېسلا ۋەكىللەر خىزمەت دوكلاتى ۋە «نىزامنامە» توغرىسىدا داۋاملىق مۇزاكىرە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 7-نۆۋەتلىك ھەيئەت ئەزالىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، رەھبەرلىك ئەزالىرى ۋە ھەيئەتنىڭ كېڭەشىپ كۆرسىتىشكە قويۇلىدىغان مەسلىھەتچىلىرى نامزاتلىرىنىڭ ئىسملىكىنى ئەستايىدىل، قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى.

30-چېسلا چۈشتىن بۇرۇن، ئومۇمىي ۋەكىللەر يىغىنى بولدى، ئالدى بىلەن، ئىجرائىيە رەئىسى شەمشىدىن ھاجىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ھەيئەت ئەزالىرى سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، 237 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، ئىقتىساد ساھەلىرىدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەردىن 19 نەپەر كىشى ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى، بۇ نۆۋەت سايلانغان ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ سانى 6-نۆۋەتلىك ھەيئەت ئەزالىرى سانىدىن 22 نەپەر كۆپەيتىلدى. ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 57 ياش بولۇپ، ئەڭ چوڭى 83 ياش، ئەڭ كىچىكى 22 ياش. بۇنىڭ ئىچىدە 60 ياشتىن تۆۋەنلەر 108 نەپەر بولۇپ، 46 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى ئىگەللەيدۇ؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 107 نەپەر بولۇپ، 46 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ؛ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا جايلاشقان خۇيزۇلاردىن باشقا، 40 نەپەر ئۇيغۇر، 5 نەپەر قازاق ۋە باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ھەيئەت ئەزاسى سايلاندى؛ ھەيئەت ئەزالىرى ئىچىدە 12 نەپەر ئايال بار؛ ئاخۇن-موللىلار 124 نەپەر بولۇپ، 54 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ؛ ھەيئەت ئەزالىرى ئىچىدە يەنە 22 نەپەر مۇسۇلمان مۇتەخەسسىس-ئالىم، ئون نەپەر مۇسۇلمان كارخانىچى بار(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن نۇرتاي ھاجىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) .

ئومۇمىي يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىجرائىيە رەئىس مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ بىرىنچى سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلىپ، ئالدى بىلەن 52 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ئالتە نەپەر ئۇيغۇر، بىر نەپەر قازاق، بىر نەپەر خۇيزۇ، بىر نەپەر قىرغىز، بىر نەپەر ئۆزبېك بار. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىر نەپەر رەئىس، 17 نەپەر مۇئاۋىن رەئىس، بىر نەپەر باش كاتىپ (قوشۇمچە) سايلاپ چىقىلدى، مۇئاۋىن رەئىسلەر ئىچىدە، ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر، بىر نەپەر قازاق، بىر نەپەر قىرغىز بار. بۇ يىغىندا يەنە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى كېڭىشىپ كۆرسىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر نەپەر ئۇيغۇر، بىر نەپەر قىرغىز، بىر نەپەر سالار بار.

چۈشتىن بۇرۇن يەنە، يېڭىدىن سايلانغان رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇننىڭ رىياسەتچىلىكىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 1-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا، ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي «نىزامنامە» بەلگىلىمىسى بويىچە ئۈچ نەپەر كىشىنى مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا كۆرسىتىپ، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزدى، ئاندىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2000-يىللىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

چۈشتىن كېيىن، يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، مۇراسىمغا يېڭىدىن سايلانغان مۇئاۋىن رەئىس ئەلى لىيۇ شۇشياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇراسىمغا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى. يېپىلىش مۇراسىمىدا ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى ماقۇللاندى؛ ئاندىن مەملىكەت بويىچە 100 ئۈلگىلىك مەسچىتنى تەقدىرلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئالدى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سالىھ ھاجى مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك مەسچىتلەرنى بەرپا قىلىش-سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش خىزمىتى ھەققىدە دوكلات بەردى، ئاندىن ئىسمائىل ئەھمەد، يې شاۋۋېن، ياڭ تۇڭشياڭ قاتارلىق رەھبەرلەر باھالانغان ئۈلگىلىك مەسچىتلەرگە مىس لەۋھە ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى. ئاخىردا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن يىغىنىنى يېپىش نۇتقى سۆزلەپ، مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى بىلەن، بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ بەلگىلەنگەن قارالمىلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ، مۆلچەرلىگەن مەقسەتكە يەتكەنلىكىنى جاكارلىدى.

يىغىن ئارىلىقىدا، يىغىن كاتىبات باشقارمىسى ۋەكىللەر ئىچىدىكى ئەھلى ئىلىملەر، پروفېسسورلار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو ئىسلامىيەت ئىلمى، مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنى يەنە بىر قەدەم يۈكسەلدۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى؛ شۇنداقلا ئىقتىساد ساھەسىدىكى ۋەكىللەرنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، قانداق قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىقتىساد جەھەتتە قىلىش ئىمكانىيىتى بار ئىشلار توغرىسىدا، بولۇپمۇ مەركەزنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ھەققىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئالاقىلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مۇسۇلمان كارخانىچىلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىرلىكتە راۋاج تېپىشقا ئىمكانىيەت يارىتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

31-چېسلا چۈشتىن بۇرۇن، ۋەكىللەر مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن خەلق قۇرۇلتىيى زالىغا باردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگو، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى

كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر ئاۋۋال 7-نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ئەزالىرىنى خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىدا قوبۇل قىلدى، رەئىس لى رۈيخۇەن سۆز قىلىپ، 6-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 7-نۆۋەتلىك رەھبەرلىكنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، لى رۈيخۇەن قاتارلىق رەھبەرلەر چوڭ زالدا يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى. رەئىس لى رۈيخۇەن سۆز قىلىپ، بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە ۋەكىللەردىن ھەم ئۇلار ئارقىلىق مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئۆتكەنكى بىرنەچچە يىلدىن بېرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك دىنىي سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئاكتىپ ياردەمدە بولۇپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا خىزمەت قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدى. يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىكىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئۈزلۈكسىز ئۆيغۇنلىشىپ، يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. رەئىس لى رۈيخۇەن تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلاردا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن ئامما بار، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئۆزلىرىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى ئىشقا سېلىپ، غەربىي قىسمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت تارىخىي پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەك. ئاخىردا، لى رۈيخۇەن قاتارلىق رەھبەرلەر بارلىق ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى، بۇلار مەركەزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرگە بولغان غەمخورلۇقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ۋەكىللەرگە غايەت زور ئىلھام بېغىشلىدى.

قوبۇل قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 7-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئەزالىرىنى بىرلىك سەپ بۆلۈمى زالىغا تەكلىپ قىلىپ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى دېجۇ قاتارلىقلار ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىرى بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشتى، سۆھبەتتىن كېيىن زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرىدىن ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، ھارۇنخان ھاجى داموللام، مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، ئەلى لىيۇ شۇشياڭ، خەن شىڭگۈي، ھاجى ئېلياس شېن شياشى، مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن قاتارلىقلار رەئىس لى رۈيخۇەننىڭ جۇڭنەنخەيگە چىللاپ ئۆتكۈزگەن بەش چوڭ دىنىي تەشكىلات رەھبەرلىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

## دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا يوللىغان تەبرىك خېتى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە:

جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ھەم يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەردىن سەممىي ھال سورايمەن. ئالتە يىلدىن بېرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دوستلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەندە، ئىسلام جەمئىيىتى ئىستىقباللىق نى-نى ئىشلارنى قىلالايدۇ. يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ روھلىنىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بۇ قېتىمقى يىغىننى ئىتتىپاقلاشقان، غەيرەتنى ئۇرغۇتىدىغان يىغىن قىلىپ ئېچىپ، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىدە تېخىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۆرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. يىغىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمەن، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

**ئىسمائىل ئەھمەد**
**2000-يىل 26-يانۋار**

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگونىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا تەبرىك خېتى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە:

جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ خۇرسەن بولدۇم، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەردىن سەممىي ھال سورايمەن.

ئۆتكەن نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى مەمنۇنىيەتلىك تاماملىدى. يېڭى بىر نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلار تەرەققىياتىنى تېزلىتىش داۋامىدا، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئاكتىپ يېتەكلەپ، ئىتتىپاقلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، ۋەتەن بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئەمەلىي ئىشلاردا دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يىغىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمەن، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

**ۋاڭ جاۋگو**
**2000-يىل 27-يانۋار**

---

## 116 ياشلىق ئۆمۈر چولپىنى

▲مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا، چەك-چەك 19-كەنت 5-مەھەللىدىكى قادىر سادىر بۇ يىل 116 ياشقا كىرىپمۇ يەنىلا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ساغلام ياشىماقتا. ئۇ ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۇششاق ئىشلارغا ئاچچىقلىنىپ يۈرمەيدىغان، غەم-ئەندىشە ۋە تۇتۇرۇقسىز خىياللاردىن يىراق كىشى بولۇپ، كەچتە بالدۇر يېتىپ، سەھەر تۇرۇشنى ئادەت قىلغان؛ جىسمانىي ئەمگەك بىلەن كۆپ شۇغۇللانغان، قارا ئاشلىق بىلەن كۆكتاتنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلغان. ھەر كۈنى دىققىتىنى يىغىپ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى بىر كۈنمۇ ئۈزۈپ قويمىغان. ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم يۇيۇنۇشنى ئادەت قىلىپ، پۈتۈن بەدىنىنىڭ تازىلىقى ۋە قانۇنىيەتلىك چېنىقىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. كۈندە بەش ۋاخ نامازغا بەش قېتىم يۇقىرى ئاۋازدا ئەزان توۋلاپ ئۆپكىسىنى چېنىقتۇرۇپ تۇرغان. ھازىر ئۇنىڭ 18 پەرزەنتىدىن ئالتىسى ھايات بولۇپ 48 نەۋرىسى، 16 ئەۋرىسى بار. ئۇ ھازىر يەنىلا ئائىلىنىڭ بىر كىشىلىك يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

**(ئابدۇراخمان ئىسمائىل)**

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىش نۇتقى

(2000-يىل 1-ئاينىڭ 27-كۈنى)

**شەمشىدىن ھاجى**

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

ۋەكىللەر، رەھبەرلەر، مېھمانلار، يولداشلار:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىكىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بۈگۈن داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ئالدى بىلەن، مەن بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياستىگە ۋاكالىتەن، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن ۋە قىزغىن قارشى ئالىمەن، يىغىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغان رەھبەرلەر ۋە مېھمانلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ۋەكىللەر، بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ ئېچىلىشى دەل يېڭى مىڭ يىل يېتىپ كەلگەن پەيتكە توغرا كەلدى. يېقىندا يەنە مەملىكەت بويىچە دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، بۇ قېتىمقى يىغىنىمىز مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ، جۇڭگو ئىسلام دىنى خىزمىتىنىڭ يېڭى بىر تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنىڭ بېشارىتى بولىدۇ.

ئۆتكەنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلار تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق ۋە ئۇلۇغۋار ئىرادە بىلەن يېڭى سەپەرگە يۈرۈش قىلماقتا.

نەچچە يىلدىن بېرى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسىتىنىڭ ئەتراپلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەم جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنىي ئىشلار خىزمىتى ۋە ئۆز قۇرۇلۇشىمۇ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدىن بېرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىدا، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىدە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزدا، ئۆتكەنكى خىزمەت تەجرىبىلىرىمىزنى يەكۈنلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىمىزنى بەلگىلەيمىز، بۇنىڭدىن كېيىن بىز داۋاملىق تۈردە پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسىتىمىز بويىچە، ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ توپ روھى ۋە ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ دىنىي ئىشلارنى بېجىرىپ، يېڭى ئەسىردە مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىمىز.

ۋەكىللەر! بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئاساسىي قارالمىلىرى مۇنۇلار:

1. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش؛

2. «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» (تۈزىتىلگەن لايىھە)نى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش.
3. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتى ۋە يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى سايلاپ چىقىش.
4. جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىنى ماقۇللاش.

يېڭى ئەسىردىكى ئىسلام دىنى خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش بىزنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتىمىز، شۇنداقلا، 20 مىليون ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىزدىن كۈتىدىغان سەممىي ئارزۇسى. شۇڭا، مەن ۋەكىللەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش توغى ئاستىدا روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، دەۋر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز ھوقۇقۇڭلارنى تولۇق ئىشلىتىپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتا قانداق قىلىپ ئىسلام دىنى ئىشلىرى، مائارىپى ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشىڭلارنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

ۋەكىللەر، يولداشلار، دوستلار: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ئىسلام دىنى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىشقا يېتەكلەپ، خىزمەتلىرىمىزنى دەۋر تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. يېڭى تارىخىي دەۋردە زىممىمىزگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەت شەرەپلىك ۋە زور. بىز، دەۋرنىڭ رىقابىتىگە يۈزلىنىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن، مەملىكىتىمىز ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاج تېپىشى ئۈچۈن، دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىمىزنى قوشۇشىمىز كېرەك.

ئاخىردا، بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمەن، ۋەكىللەرنىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

رەھمەت سىلەرگە!

# ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىنتىلىپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، يېڭى ئەسىردە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى

— جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا خىزمەت دوكلاتى (قىسقارتىلمىسى)

(2000-يىل 1-ئاينىڭ 27-كۈنى)

**مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن**

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

ۋەكىللەر، رەھبەرلەر، مېھمانلار، يولداشلار:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئاساسىي تېمىسى—ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىنتىلىپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، يېڭى ئەسىردە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى دېگەندىن ئىبارەت.

تۆۋەندە مەن 6-نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، بۇ يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەرمەكچىمەن، قاراپ چىقارسىلەر.

# ئالتە يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەر ھەققىدە ئەسلىمە

## 1. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىق-تەربىيىنى كۈچەيتىۋىق، ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەمدە بولدۇق، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى ئاكتىپ قوغدىدۇق

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەزەلدىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرىدىغان ئۇلۇغ تۇغ، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ يۈكسىلىشكە تۈرتكە بولىدىغان ئىدىيىۋى ئاساس. مەركەز بىسىپ تارقاتقان «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى مۇناسىپ قارار چىقىرىپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىق-تەربىيە پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە ۋە چوڭقۇر ئېلىپ باردى. شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى ھەم يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن، جەمئىيىتىمىز تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، مەخسۇس ھۆسن خەت كۆرگەزمىسى ئاچتى، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى بۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ تەبرىكلەش ماقالىسى ئېلان قىلدى، جايلاردىكى مەسچىتلەردە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ۋە تارقاتقان ”ۋەز-تەبلىغ“ ماقالىسىگە ئاساسەن، كەڭ مۇسۇلمانلارغا بۇ ھەقتە ۋەز-تەبلىغ قىلىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىق-تەربىيە دولقۇنى قوزغىتىلدى.

1998-يىلى يازدا، مەملىكىتىمىزنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا ئالاھىدە زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەندە، جەمئىيىتىمىز ۋە بارلىق كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاپەت رايونلىرىغا نەچچە يۈزمىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىتلەر ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارمۇ ئاپەت رايونلىرىغا ئون مىليونداڭ ياردەم قىلدى؛ 1999-يىل 9-ئايدا، مەملىكىتىمىزنىڭ تەيۋەن رايونىدا قاتتىق يەر تەۋرىگەندە، جەمئىيىتىمىز دەرھال تەيۋەندە ئاپەتكە ئۇچرىغان قېرىنداشلارغا 50 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق ۋە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئەلا بىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىسى نامايان قىلىندى.

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى گۇرۇھىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى ياۋۇزلارچە بومباردىمان قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ھەر خىل شەكىلدىكى ئېيىبلاش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ زومىگەرلىككە، زوراۋانلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش جەھەتتىكى كۈچلۈك ئېتىقادىنى نامايان قىلدى.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەمدە بولۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش جەمئىيىتىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتىدىن بىرى. ئالتە يىلدىن بېرى، جەمئىيىتىمىز بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىر تەرەپتىن، جەمئىيىتىمىزنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ئىچىدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بۇ ئىككى يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىللەردە، ئاكتىپلىق بىلەن دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتنىشىپ ھەمدە مىللىي-دىنىي سىياسەتلەرنى يەنە بىر قەدەم ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا بىرمۇنچە تەكلىپلەرنى بېرىپ، مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيىتىمىز رەھبەرلىرى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، جايلاردىكى نۆۋەت ئالمىشىش يىغىنى ۋە تۈرلۈك كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ئارقىلىق، 20 گە يېقىن ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە دىنىي سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەمـمـدە بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرى خىزمىتى ھەققىدە پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، جەمئىيىتىمىز بىلەن يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئارىسىدىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈردى، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيىتى خىزمەتلىرىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە تۈرتكە بولدى. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە قوغداش ئۈچۈن، كۆپ يىللاردىن بېرى، جەمئىيىتىمىز جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا زەرەر يەتكۈزىدىغان ئۆتۈشۈشتۈرۈش ۋەقەلەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، مۇسۇلمانلارغا ئەستايىدىل تەشۋىق-تەربىيە خىزمىتى ئىشلەشتىن سىرت يەنە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دىنىي ئىشلارغا، دىنىي مال-مۈلۈككە دائىر بىرمۇنچە ماجىرالارنى ۋە جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن دىنىي ئاھانەت ۋەقەلىرىنى ھەممىدىن كەلگەن نۇرغۇن خەت-چەك ۋە ئەرزىيەت ئىشلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىغا ئاكتىپ ياردەمدە بولۇپ، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى.

**2. دىنىي ئىشلار پائالىيىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلىدۇق**

دىنىي ئىشلار پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. يېڭى ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1993-يىلى نۆۋەت ئالماشقاندىن كېيىن، جەمئىيىتىمىز خـــىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى قايتىدىن تەڭشەپ، دۆلەت ئىچى خىزمىتى ئاساس، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دۆلەت ئىچىدە بولۇشى كېرەك، دەپ بېكىتتى ھەمدە 1994-يىلىنىڭ بېشىدا مەخسۇس دىنىي ئىشلار بۆلۈمى تەسىس قىلدى.

ئالتە يىلدىن بۇيان، جەمئىيىتىمىز «دۆلەت ئىچىدىكى خىزمەتنى مۇھىم نۇقتا قىلىش» دېگەن بۇ مەركىزىي ھالقىنى مەھكەم چۆرىدەپ، نۇرغۇن پايدىلىق سىناقلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئىجادىي خاراكتېرلىك بـەزى خـىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاخۇن-موللىلارنىڭ قـــرائـــەتـــنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە خەلقئارالىق قىرائەت قائىدىسىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن، جەمئىيىتىمىز ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئۈچ نۆۋەت مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى، ھەمدە ئىلگىرى-ئاخىر 30 نـەچـچـە قارىينى تاللاپ خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى. ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، جايلاردىكى ئاخۇن-موللىلارنىڭ دىنىي ئىلىم سەۋىيىسىنى ۋە ۋەز-تەبلىغ سـۈپـــتـــىنى ئۆستۈرۈپ، ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنىنى ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، جەمئىيىتىمىز ئىككى نۆۋەت مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ھەمدە دەۋر تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر «ۋەز-تەبلىغ توپلىمى»نى تۈزۈپ بېسىپ تارقاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇشۇ تىپتىكى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. جايلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ۋە ئۆلچەملىك باشقۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جەمئىيىتىمىز 1996-يىلى ئاچقان مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى مۇشۇ ھەقتە تەشەببۇسنامە چىقىرىپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدا ئۈلگىلىك مەسچىتلەرنى بـەرپـا قـىـلـىپ سىلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا چاقىرىغاندى، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مەسچىتلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشى نەتىجىسىدە، بۇ پائالىيەت ناھايىتى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىلدى، باھالاپ تاللانغان 100 ئۈلگىلىك مەسچىتنى بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزدا تەقدىرلىمەكچىمىز ۋە ئۇلارغا مىس لەۋھە ھەم گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەرمەكچىمىز. يۇقىرىقىدەك دىنىي ئىشلار پائالىيەتلىرىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىناۋىتىنى ئۆستۈردى، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىق ياخشى ئوبرازىنى تىكلىدى، بۇ پائالىيەتلەر دـــىـــنىي ئىشلار پائالىيەتلىرىدە ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈش ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئاكتىپ

ۋە پايدىلىق ئىزدىنىش بولۇپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەملىكىتىمىزنىڭ مۇسۇلمانچە مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش سودىسى خىزمىتىنى ماسلىشىپ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، نەچچە يىلدىن بېرى جەمئىيىتىمىز 60 نەچچە كارخانىنىڭ مۇسۇلمانچە مەھسۇلاتلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىپ ھالاللىق رەسمىيىتى بېجىرىپ بەردى. 1996-يىلى جەمئىيىتىمىز جۇڭگو يېمەكلىكلەر سانائىتى جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ”تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئەلا سۈپەتلىك مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى تەۋسىيە قىلىش يەرمەنكىسى“ ئۇيۇشتۇردى؛ 1997-يىلى جۇڭگو تائامچىلىق جەمئىيىتى، دۆلەت ئىچكى سودىسى مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ”جۇڭگو تائامچىلىق جەمئىيىتى مۇسۇلمانچە تائاملار كەسپىي ھەيئىتى“ تەشكىللەپ، مىللىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش جەھەتتىن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

## 3. ئىسلام دىنى مائارىپى ۋە ئىلىم-مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى ياخشى چىقاردۇق

ئىسلام دىنى مائارىپى ئىشلىرىنى يەنىمۇ ياخشى يولغا قويۇپ، يېڭى ئەسىرنىڭ يۇقىرى ساپالىق، ۋەتەننى-دىننى سۆيىدىغان بىر تۈركۈم ئىسلامىيەت ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن، 1998-يىلى 5-ئايدا، جەمئىيىتىمىز 6-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ۋە ئىسلام مائارىپى خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئىسلام مائارىپى ئىشلىرىنى قانداق قىلىپ ياخشى يولغا قويۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مەخسۇس مۇھاكىمە ئېلىپ باردۇق ھەمدە ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرى ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىپ، ئاساسلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، نۆۋەتتە يولۇقۇۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ئېنىق تونۇپ يەتتۇق، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىسى ۋە تەرەققىيات نىشانىنى بېكىتتۇق، مەملىكىتىمىز ئىسلام مائارىپى ئىشلىرىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەبىيارلىق كۆردۇق ۋە پىلان تۈزدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى تەرتىپكە سېلىپ كۈچەيتتۇق، ئوقۇتقۇچىلارنى تولۇقلىدۇق، ئوقۇتۇش يۆنىلىشى ۋە تەربىيىلەش نىشانىنى يەنە بىر قەدەم ئايدىڭلاشتۇردۇق. ئالتە يىل ئىچىدە، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى 400گە يېقىن تالىپ يېتىشتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە 200گە يېقىن كۇرسانت قاتناشقان يەتتە قارار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئاچتى، 30 نەچچە تالىپنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقاردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئەرەبچە خەتتاتلىق دەرسى تەسىس قىلدى ھەمدە ئەرەبچە خەتتاتلىق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، تالىپلارنىڭ ئەرەبچە خەتتاتلىق سەۋىيىسىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە ئۆستۈردى؛ تالىپلارنىڭ ياتاق شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تالىپلار ياتاق بىناسىنى رېمونت قىلدۇردى ۋە تەرتىپكە سالدى. جەمئىيىتىمىز يەنە ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنىڭ يۇننەن، لياۋنىڭ، خېنەن ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرى ۋە تيەنجىندىكى تيەنمۇسۇن مىللىي كەسپىي مەكتىپى قاتارلىقلارغا بەرگەن ياردەم تۈرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى ھەمدە ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى بىلەن كېڭىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ نامرات، ئاپەتكە ئۇچرىغان مىللىي رايونلىرىدا ئون ئۆمىد باشلانغۇچ مەكتىپى ياكى كەسپىي مەكتىپى قۇرۇش ئىشىغا تۇتۇش قىلدى. شۇنداقلا يەنە، بېيجىڭ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلارنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىغا مادارىمىزنىڭ يېتىشچە ياردەم بەردۇق.

ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش جۇڭگوچە ئىسلام مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. جەمئىيىتىمىزنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى»نىڭ 1994-يىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، مەزكۇر كىتاب ئىلگىرى-ئاخىر 1995-يىلى ۋە 1996-يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك لۇغەت مۇكاپاتى ۋە ئىككىنچى نۆۋەتلىك دۆلەتلىك كىتابلار ئالىي مۇكاپاتىغا مۇشەررەپ بولدى. 1995-يىلى جەمئىيىتىمىز ئېسىل مۇقاۋىلىق كىچىك نۇسخىلىق «قۇرئان كەرىم»نى بېسىپ تارقاتتى، «ئىسلام دىنى ئاساسىي بىلىملىرى» دېگەن كىتابنى

www.uyghurkitap.com

بېزىشنى ئۈيۈشتۇردى ھەمدە 1997-يىلى نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتتى. شۇ يىلى 1999-يىل نۇسخىلىق «سىكېزى» دېگەن كىتابنىڭ ئىسلام دىنىغا دائىر ماددىلىرىنى تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش خىزمىتىنى تاماملىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «جەنۇبىي تىنچ ئوكيان رايونى ئىسلام دىنى يىلنامىسى»نىڭ تەرجىمە خىزمىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە تاماملىدۇق، «ئىسلام دىنى جۇڭگودا» دېگەن كىتابنىڭ ماقالە ۋە سۈرەتلىرىنى تەييارلاش خىزمىتىنى تاماملىدۇق، «زامانىمىزدىكى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» دېگەن چوڭ ھەجىملىك سۈرەتلەر توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىنى باشلىۋەتتۇق؛ جەمئىيىتىمىز يەنە نۇرغۇنلىغان مۇناسىۋەتلىك تارىخىي-تەزكىرە ماتېرىياللىرىنى يىغىپ، رەتلەپ «جۇڭگو ئىسلام دىنى ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى يېزىشقا كىرىشىشكە تەييارلىق كۆرۈپ قويدى. 1996-يىلى جەمئىيىتىمىز ھەر تەرەپتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، «ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت مەجمۇئەسى»نى يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇش ئىشىنى باشلىۋەتكەنىدى، بۇ خىزمەت ئىشلىنىۋاتىدۇ.

خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى جەمئىيىتىمىز مەسئۇل بولۇپ چىقىرىۋاتقان ئۇنىۋېرسال ئىسلام دىنى ژۇرنىلى. تەھرىرلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، جەمئىيىتىمىز خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە نۇسخىلارنىڭ ئىككى تەھرىر بۆلۈمى كۈچىنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇقلىدى ھەمدە ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىش توغرىسىدا يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ژۇرنالنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 1996-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تارقىتىش يوللىرىنى ئاكتىپ ئېچىش ئارقىلىق ھەربىر سانى 30 مىڭدەك تارقىتىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

## 4. چەت ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردۇق؛ ھەج تاۋاپىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈردۇق

ئالتە يىلدىن بېرى، جەمئىيىتىمىز ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئون نەچچە دۆلەت ۋە رايوننىڭ مۇسۇلمانلار دوستلۇق زىيارەت ئۆمىكىدىن 20 نەچچىنى تەكلىپ قىلدى ۋە كۈتۈۋالدى، نەتىجىدە ئۇلاردىن 100دىن ئارتۇق ئادەم جۇڭگوغا كېلىپ زىيارەتتە بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقلىرىدىن: سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ۋەلىئەھدىسى شاھزادە ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل ئەزىز، ھىندونېزىيە زۇڭتۇڭى ئابدۇراخمان ۋەھىد، ئىراننىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى مۇھەممەد ھاشىم، ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى ۋەكىللىرى ئۆمىكى، ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، پاكىستان مۇسۇلمان ئۆلىمالار زىيارەت ئۆمىكى، مالايسىيە مۇسۇلمان ۋەكىللىرى ئۆمىكى، برۇناي دارۇسسالام دىنىي ئىشلار ۋازارىتى زىيارەت ئۆمىكى، مىسىرنىڭ دىنىي ئىشلار ۋەزىرى زەقزۇق ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى رىياد رايونىنىڭ ئەمىرى شاھزادە سەلمان قاتارلىقلار بار.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيىتىمىز يەنە 60 نەچچە قېتىم 300گە يېقىن ئادەمنى تەكلىپكە بىنائەن تۈرلۈك ۋەكىللەر ئۆمىكى، گۇرۇپپىسى ۋە شەخس نامى بىلەن ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىگە ئەۋەتىپ دوستانە زىيارەت قىلدۇردى، ھەر خىل خەلقئارالىق ئىسلام يىغىنى ۋە ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، جەمئىيىتىمىز ئەرەب ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىسلام ئەللىرى ۋە باشقا غەيرىي ئىسلام ئەللىرى مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە دوستانە بېرىش-كېلىشنى راۋاجلاندۇردى ۋە ئورناتتى.

ئۇلاردىن باشقا، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، جەمئىيىتىمىز شياڭگاڭ جۇڭخۇا ئىسلام دىنى مېھىر-شەپقەت ئۇيۇشمىسى، شياڭگاڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ۋە شياڭگاڭ ئىسلام بىرلەشمىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، رەئىس سالىھ ئەن شۈيى داموللا باشچىلىقىدا يەتتە كىشىلىك زىيارەت ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردا دوستانە زىيارەتتە بولدى؛ ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش ھارپىسىدا، شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېندىكى يۇقىرىقى مۇسۇلمانلار تەشكىلاتلىرى جەمئىيىتىمىزنىڭ تەكلىپىگە

بىنائەن ئىلگىرى-ئاخىر ئۈمەك ئەۋەتىپ، بېيجىڭ، ئىچكى موڭغۇل، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى، بۇ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىچكىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېندىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى دوستلۇق، ئالماشتۇرۇش ۋە ئالاقە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ھەج تاۋاپ ئىشىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئالتە يىلدىن بېرى، جەمئىيىتىمىز ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان ھەج تاۋاپ خىزمىتىدە، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، بىر تۇتاش ئايروپىلان ھۆددىگە ئېلىپ ئاپىرىپ-ئەكىلىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش، كىيىم-كېچەك ئوخشاش بولۇش، ئوخشاش نام بەلگىسى تاقاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ھەج تاۋاپنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى تەرتىپلىك ۋە رەتلىك ئېلىپ بېرىپ، مەملىكىتىمىز ھاجىلىرىغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ھاجىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتۇق. ئالتە يىل ئىچىدە، جەمئىيىتىمىزنىڭ بىر تۇتاش ئۇيۇشتۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىدىن ئۈن مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىپ كەلدى.

**5. ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتىپ، تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن مۇسۇلمانلارغا مۇلازىمەت قىلدۇق**

ئىسلام دىنى تەشكىلىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، ئىسلام دىنى تەشكىلىنىڭ ئوبرازى ۋە ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

نەچچە يىلدىن بېرى، جەمئىيىتىمىز ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللاندى: **بىرىنچىدىن** ، تەشكىلىي جەھەتتىن ئاپپاراتلارنى تەڭشەپ، بىر تۈركۈم تىمەن ۋە قاۋۇل ياش-ئوتتۇرا ياشلىق كادىرلارنى تاللاپ ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرلىك ۋەزىپىگە قويۇپ، ھەرقايسى بۆلۈم، ئىشخانا ۋە دارىلفۇنۇنىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى كەسپلەشتۈرۈش، ياشلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتۇق؛ **ئىككىنچىدىن** ، كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئىدىيە جەھەتتە مۇلازىمەت بىرىنچى دەيدىغان چۈشەنچىنى تۇرغۇزۇش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتا، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئىشچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئۆستۈردۇق؛ **ئۈچىنچىدىن** ، مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى جەھەتتىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلمىنى كۈچەيتىپ، باھالاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئالتە نەپەر يولداشنى ئالىي كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە، يەتتە نەپەر يولداشنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتتۇق، **تۆتىنچىدىن** ، يوْخوا باسما زاۋۇتىنى قۇردۇق، «مىلادىيە، قەمەرىيە، ھىجرىيە كالېندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى»، «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ چوڭ ئىشلىرى خاتىرىسى» ۋە ئىچكى خەۋەر — «ئەھۋالدىن ئىنكاس» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ بېسىپ چىقاردۇق؛ **بەشىنچىدىن**، مۇناسىۋەتلىك قائىدە-تۈزۈملەرنى بېكىتىپ، كۈندىلىك يوقلىما قىلىش ۋە يىل ئاخىرىدا تەكشۈرۈپ باھالاپ خۇلاسىلاش تەرتىپىنى ئورناتتۇق؛ **ئالتىنچىدىن** ، زامانىۋى ئىشخانا جاھازلىرىنى سەپلىدۇق، ئىشخانا بىناسىنى رېمونت قىلدۇردۇق، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈردۇق، كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي شارائىتىنى ۋە تۇرمۇش تەمىناتىنى ئىمكانقەدەر ياخشىلىدۇق.

ۋەكىللەر:

ئالتە يىلدىن بېرى كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلىرىدە مۇئەييەن نەتىجىلەر قولغا كېلىپ، قىياپىتىمىز يېڭى تۈس ئالدى. لېكىن كونكرېت خىزمەتلىرىمىزدە بەزى نۇقسان ۋە يېتەرسىزلىكلەرمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، ئىسلام كەسپىي مائارىپىغا كېرەكلىك يۇرۇشلەشكەن دەرسلىكلەرنى جىددىي تۈتۈپ، تېزلىكتە بىر تۇتاش تۈزۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئىلىم-مەدەنىيەت تەتقىقاتى خىزمىتىنى يەنە بىر قەدەم كۈچەيتىشكە تېگىشلىك؛ ئۆز قۇرۇلۇشىمىزغا دائىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالاقىدار قائىدە-تۈزۈم، باشقۇرۇش نىزامى ۋە تەكشۈرۈپ باھالاش چارىلىرىنى يەنە بىر قەدەم مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ ھەج تاۋاپ خىزمىتى جەھەتتىكى ئۇيۇشتۇرۇش، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيىسىنى يەنە بىرقەدەم ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق ۋە دىنىي ئىشلاردا يېتەكچىلىك قىلىش مۇناسىۋىتىنى يەنە بىر قەدەم مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ۋەھاكازالار. يېڭى ئەسىردىكى پۇرسەت ۋە رىقابەت ئالدىدا، ئۈزلۈكسىز راۋاج تېپىپ ئۆزگىرىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، قانداق قىلىپ دىنىي ئىشلارنى ياخشى بېجىرىش، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئاكتىپلىق بىلەن سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى يەنە بىرقەدەم ئىلگىرى سۈرۈش ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىمىزنىڭ ھازىرقى ھەتتاكى بۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىللىك مۇھىم ۋەزىپىسى.

## بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى

**1. ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە داۋاملىق ياردەمدە بولۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى يەنە بىر قەدەم يۈكسەلدۈرۈش**

**بىرىنچىدىن**، بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك تەشۋىق-تەربىيىنى داۋاملىق تۈردە، چوڭقۇر، ئۇزاقىچە قانات يايدۇرۇشىمىز، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەنني سۆيۈش، دىنني سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىز، دۆلەت ئېڭى ۋە ئومۇمىي ۋەزىيەت ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىمىز، دۆلەت بىلەن مىللەت، ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىق، كوللېكتىپ بىلەن شەخس ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنى ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلىشىمىز لازىم. **ئىككىنچىدىن**، دىنني دەستەك قىلىۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەشەددىيلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ساپلىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك؛ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق باياشات بولۇش، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىدە يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى تۈگىتىشىمىز كېرەك. **ئۈچىنچىدىن**، ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت يولغا قويۇۋاتقان مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە داۋاملىق ياردەمدە بولۇشىمىز، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇۋاپىق پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاكتىپ ئىنكاس قىلىشىمىز لازىم. **تۆتىنچىدىن**، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا زىممىمىزگە يۈكلەنگەن تارىخىي بۇرچىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز، مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، مۇسۇلمانلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئىسلام دىنى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز، ئەھۋاللارنى ئالماشتۇرۇپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى قانداق قىلىپ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە يەنە بىر قەدەم ئۇيغۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئاكتىپ ئىزدىنىشىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيىنى دەل جايىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم. **بەشىنچىدىن**، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي

سىياسىتىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ۋە پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئەتراپلىق چۈشىنىشكە داۋاملىق تۈرتكە بولۇشىمىز، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىدىيە ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى بەنمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم. **ئالتىنچىدىن**، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىسلام دىنى جەھەتتىكى زور مەسىلىلەر، قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەر ۋە چەت ئەل دىنىي كۈچلىرى، دىنىي ئەشەددىيلىك ئىدىيىسىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ھەم مەزھەپلەر زىددىيىتى يۈزلىنىشى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ جەھەتلەردە تەدبىر كۆرۈشى ئۈچۈن، ئەڭ ئىشەنچلىك پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىشىمىز لازىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىز "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم" فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، "ئۆزئارا تەۋەلىكتە بولماسلىق، ئۆزئارا ئارىلاشماسلىق، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش" پرىنسىپى بويىچە، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونىدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار، ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىش، ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىنىڭ ئۇزاققىچە ئاۋات ۋە مۇقىملىقنى ساقلىشى ئۈچۈن، ۋەتىنىنىڭ تولۇق بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك روناق تېپىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

## 2. ئاممىنى دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن ئاساسىدا قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەش، مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش، ئىسلام دىنى ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش

ئاساسىي قانۇن، قانۇن بىزگە بەرگەن ھوقۇقىمىزنى يۈرگۈزۈش، مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى ئادا قىلىش، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنى ئاساسىي قانۇن، قانۇن، قانۇن-نىزام ۋە سىياسەت بەلگىلىمىلىرى دائىرىسى ئىچىدە دىنىي ئىشلار پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەش ئىسلام جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر مەسئۇلىيىتى. **بىرىنچىدىن**، دىنغا دائىر قانۇن، قانۇن-نىزام ۋە سىياسەتلەرنى يەنە بىر قەدەم ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، قانۇنچىلىق كۆزقارىشىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش، قانۇنغا ئەمەل قىلىشنى ھەقىقىي بەجا كەلتۈرۈشىمىز، قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ئاكتىپ قوغدىشىمىز، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغدىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي قانۇن، قانۇن، قانۇن-نىزام، سىياسەتلەر يول قويغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، قانۇنغا ئەمەل قىلىدىغان پۇقرالاردىن بولۇشىمىز كېرەك. **ئىككىنچىدىن**، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتنىشىش جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئىشلار جەھەتتىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئاكتىپ ياردەمدە بولۇشى لازىم. **ئۈچىنچىدىن**، مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملارنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا بىرلەشتۈرۈپ، «مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ سىناق تەرتىپىدىكى چارىلىرى»نى تۈزۈتۈش ۋە يولغا قويۇش ئىشىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. **تۆتىنچىدىن**، ئۈلگىلىك مەسچىتلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش، ئۈلگىلىك مەسچىتلەرنىڭ تىپىك نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مۇدىرلىرى كۇرسى ئېچىش ۋە مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىتىش ۋە ئۆستۈرۈش كېرەك، **بەشىنچىدىن**، مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ۋە ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىنى داۋاملىق ئۇيۇشتۇرۇپ، كەڭ دىنىي خادىملارنىڭ قىرائەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەۋىيىسى ۋە ۋەز-تەبلىغ سۈپىتىنى يەنە بىر قەدەم ئۆستۈرۈش ھەمدە تەدرىجىي ھالدا بۇ جەھەتتە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش لازىم.

## 3. ئىسلام كەسپىي مائارىپىنى داۋاملىق ياخشى يولغا قويۇپ، يېڭى ئەسىر ئىسلامىيەت ئىشلىرى ئىزباسارلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش

ئىسلام مائارىپىنى ئەستايىدىل ياخشى يولغا قويۇپ، ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان، ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى بىر تۈركۈم يېڭى ئەسىر ئىسلامىيەت ئىشلىرى ئىزباسارلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش جۇڭگو ئىسلام دىنى تەشكىلىنىڭ ئۆز قورۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى قىياپىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. شۇڭا، **بىرىنچىدىن**، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرى ئىسلام مائارىپى ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇشنى ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىككە قويۇپ تونۇشى ھەمدە ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىلگىرىكى مەكتەپ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ھازىرقى شارائىتنى ياخشىلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام مائارىپى ئىشلىرىنى دەۋر بىلەن تەڭ قەدەمدە راۋاج تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. **ئىككىنچىدىن**، ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىش، سىياسىي ئېڭى بىرقەدەر يۇقىرى، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، تەشكىللەش ئىقتىدارى ئىقتىدارى بار تەمەن ۋە قاۋۇل ... 

ئوقۇتۇش تايانچلىرىنى مەكتەپ دەرىجىلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا تولۇقلاپ كىرگۈزۈش كېرەك. **ئۈچىنچىدىن**، ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئاساس قۇرۇلۇشى ۋە ئۇستازلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. دىنىي مائارىپ ئىشلىرىغا ئىرادە باغلىغان، ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئالغا ئىنتىلىش روھىغا ئىگە ياش ئۇستازلارغا ئاكتىپ يارىتىپ بېرىپ، چەت ئەلگە چىقىرىپ بىلىم ئاشۇرغۇزۇش، كۇرستا تەربىيىلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەسپىي ساپاسى ۋە ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. **تۆتىنچىدىن**، مائارىپ مەبلىغىنى مۇۋاپىق تەقسىملەش، ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مائارىپ راسخوتىنى ئۆزى ھەل قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىپ، ئوقۇتۇش راسخوتىنى كۆپ خىل شەكىل، كۆپ خىل يوللار بىلەن قانۇنلۇق ھەل قىلىپ، ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىنىڭ ئوقۇتۇش راسخوتى كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋالنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىش كېرەك. **بەشىنچىدىن**، تالىپ قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە ساپا ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇنەۋۋەر پەزىلەتلىك، مۇئەييەن دىنىي ۋە مەدەنىيەت بىلىمگە ئىگە ھەمدە دىنىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىرادە باغلىغان ياخشى نوتىلارنى قوبۇل قىلىش، تىرىشىپ ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. **ئالتىنچىدىن**، مەكتەپتىكى تالىپلار، كۇرسانتلارغا قارىتا كەسىپ ئىدىيىسى ۋە ساپا تەربىيىسىنى داۋاملىق كۈچەيتىش، تىرىشىپ مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلىشىدىغان، دەۋر تەلىپىگە ماسلىشىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد ئىسلامىيەت ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش كېرەك. **يەتتىنچىدىن**، بىر تۇتاش تۈزۈلگەن دەرسلىك مەسىلىسى ئىزچىل تۈردە ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىۋاتقان چوڭ مەسىلە بولۇپ كەلدى. جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى باش بولۇپ، ئىمكانقەدەر تېزلىكتە كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوخشىمىغان قاتلام، ئوخشىمىغان ئوقۇش مۇددىتىگە خاس دەرسلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە كەسپىي دەرس، مەدەنىيەت دەرسلىرىنىڭ بىر تۇتاش دەرسلىكلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەرقايسى ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىنىڭ دەرسلىكى بىردەك بولماسلىق ئەھۋالىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلىمىز. **سەككىزىنچىدىن**، كۆپ يوللۇق، كۆپ قاتلاملىق سىنىپ ئېچىش يولىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش، تولۇق كۇرس سىنىپى ۋە ھەر خىل بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى، قىسقا مۇددەتلىك كۇرس سىنىپلىرىنى ئەستايىدىل ئېچىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام ۋەكىللىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. **توققۇزىنچىدىن**، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى مەدرىسە مائارىپىنى باشقۇرۇش ۋە تالىپلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى، مەدرىسە مائارىپىنى تىرىشىپ

زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مۇناسىپ باشقۇرۇش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى، مەسچىتلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، ھازىرقى زامان دەرسلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىپ، مەدرىسە مائارىپىنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش بىلەن، يېڭى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشىغا ياردەمدە بولۇشى لازىم.

## 4. ئىسلام مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش

مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ روھىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزھار قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت-ئەخلاق ئەنئەنىلىرىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇش بىزنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتى جەھەتتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم بىر ۋەزىپىمىز. **بىرىنچىدىن**، ئىسلام دىنىنىڭ كىتاب، ئەقىدە، ئەھكاملىرىنى داۋاملىق چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز، ئىسلام مەدەنىيىتى مىراسلىرىنى قېزىپ ۋە رەتلەپ چىقىشىمىز، يېڭى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىشىمىز ھەمدە مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ روھىدا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئۈزلۈكسىز تۈردە بۇ ھەقتە دەۋرى ئالاھىدىلىكى ۋە جۇڭگو ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى شەرھلەرنى بېرىشىمىز لازىم. **ئىككىنچىدىن**، ئىسلام مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىمكانقەدەر قوغداش ۋە رېمونت قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت-ئەخلاق ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ھەمدە تارىخىي ئەنئەنىلەرنى دەۋر روھى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش، كەڭ مۇسۇلمانلارغا ئىدىيە-ئەخلاق ۋە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرى جەھەتتىن تەلىم بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. **ئۈچىنچىدىن**، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئەسلىھەلىرى ۋە قىرائەتخانا ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش، قىرائەتخانىلارنىڭ ”بىلىم خەزىنىسى“لىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. **تۆتىنچىدىن**، ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ھەر ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار بىلەن ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىشىش ئارقىلىق، ياخشى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى، يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۆپرەك مەيدانغا چىقىرىش كېرەك. 2001-يىلى مۇۋاپىق پەيتتە، ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغانلىقىنىڭ 1350 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، ”جۇڭگو-ئەرەب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى“ دېگەن تېمىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزمەكچىمىز. **بەشىنچىدىن**، «جۇڭگو ئىسلام دىنى ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى بالدۇرراق تاماملاش، «ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت مەجمۇئەسى» ۋە «دۇنيادىكى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»نى بالدۇرراق تۈزۈپ چىقىرىش كېرەك. **ئالتىنچىدىن**، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىنى تەھرىرلەش، تارقىتىش خىزمىتىنى يەنە بىرقەدەم كۈچەيتىش، بۇنىڭدا توغرا جامائەت پىكرىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق، كەسىپ ئەخلاقى ۋە ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىشانىدا چىڭ تۇرۇش، ژۇرنالدا ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ روھىنى، ئېسىل ئەدەب-ئەخلاق ئىدىيىسى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تولۇق نامايان قىلىش، بۇ تەشۋىقات بازىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى چىقىرىش ئىگىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك.

## 5. مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، دىنىي ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا بېجىرىش فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى ئاكتىپ ۋە سالماق قانات يايدۇرۇش

دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى

www.uyghurkitap.com

مەملىكىتىمىز خەلق دىپلوماتىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئىسلام دىنى جەھەتتە چەت ئەللەر بىلەن بولغان بېرىش-كېلىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئاكتىپ ۋە سالماق قانات يايدۇرۇش جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر خىزمەت ۋەزىپىسى. **بىرىنچىدىن**، مەملىكىتىمىزنىڭ مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يېتەكچى قىلىپ، باراۋەر-دوستانە بولۇش ئاساسىدا[1]، "ئۆزىنى تەشۋىق قىلىش، ئىككىنچى تەرەپنى چۈشىنىش، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش، كەڭ دوست تۇتۇش، ئالماشتۇرۇشنى يۈكسەلدۈرۈش" پرىنسىپى بويىچە، ئەرەب-ئىسلام ئەللىرى ۋە باشقا ئەللەر مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئىنسانلارنىڭ راۋاج تېپىپ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم. **ئىككىنچىدىن**، ئىسلام دىنى جەھەتتىكى سىرتقا قارىتىلغان تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز، سىرتقا قارىتىلغان تەشۋىقات خىزمىتىنى ئادەتتىكى تاشقى ئىشلار خىزمىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەشۋىقاتنى تاشقى ئىشلار پائالىيىتى ئىچىگە سىڭدۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىپلوماتىيە ئالاقىلىرىدە، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، دىنىي ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا بېجىرىشنى ئۆلچەم قىلىشىمىز. "ئۆزىنى ئاساس قىلىش، ئۆزىگە پايدىلىق بولۇش" پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ مەملىكىتىمىزگە سىڭىپ كىرىشىنى توسۇشىمىز كېرەك. **ئۈچىنچىدىن**، جەمئىيىتىمىز چەت ئەل مۇسۇلمانلىرى ۋە ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى بىلەن ئورناتقان ئالاقىلەرنى داۋاملىق ساقلىشىمىز ۋە ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشىمىز، مۇشۇ ئاساستا ئالاقە دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشىمىز، چىللاپ كېلىش، ئۆزىمىز بېرىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، يېڭى خىزمەت ساھەسىنى ئېچىپ، تېخىمۇ كۆپرەك يېڭى دوستلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزئارا دوستانە بېرىش-كېلىشكە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇشىمىز كېرەك. **تۆتىنچىدىن**، خەلقئارادىكى دىنىي يىغىنلار ۋە ئىلىم-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەرنى ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى يېڭى نەزەرىيە ۋە يېڭى كۆزقاراشلارنى ئىگەللىشىمىز، يىغىنغا قاتنىشىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چۈشەنمەسلىكلەرنى تۈگىتىپ، دوستلۇقنى كۈچەيتىشىمىز، كەڭ دائىرىدە دوست تۇتۇشىمىز لازىم. **بەشىنچىدىن**، دىنىي جەھەتتىكى تاشقى ئىشلار پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشتا ھەم سىياسەتنى بىلىدىغان، ھەم ئىقتىدارلىق ۋە تەجرىبىلىك، شۇنداقلا چەت ئەل تىلىنى ئىگەللىگەن ئىسلام دىنى تاشقى خىزمەت خادىملىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ، يېڭى ئەسىردىكى خىزمەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشىمىز كېرەك.

## 6. مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، ھەج تاۋاپ خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش

ھەج تاۋاپنى ئۇيۇشتۇرۇش، باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتى جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بىر ۋەزىپىسى. بىز، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە، "تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج تاۋاپ قىلىش" سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم. "سىستېما بويىچە مەسئۇل بولۇش، چەكلىك سان بويىچە تەستىقلاش، بىر تۇتاش ئۇيۇشتۇرۇش، ھەر تەرەپلىمە باشقۇرۇش" دېگەن تۆت جۈملىلىك فاڭجېندا چىڭ تۇرۇش ھەمدە بۇرۇنقى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، "رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ئەتراپلىق ئۇيۇشتۇرۇش، ئىنتىزامدا قاتتىق بولۇش، ئىززەت-ھۆرمەتنى ساقلاش، مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىش" پرىنسىپىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنى يولغا چىقىش ئالدىدا تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىستىك، ھەج بىلىملىرى، سەپەر ساۋاتلىرى، تاشقى ئىشلار ئىنتىزامى ۋە دىنىي قائىدە-يوسۇنلار قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيە ئېلىپ بېرىش، دۆلەت بەلگىلىمىسى بويىچە تەشكىللىك، يىلغا ۋە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ھەج تاۋاپ قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك؛ مەملىكىتىمىز ھاجىلىرى سەئۇدىدىكى مەزگىلدە تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش

خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش، چەت ئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچىلىرىنىڭ ھەج تاۋاپتىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارىدىغان ۋەتەننى پارچىلاش ھەم دىنىي ئەشەددىيلىك ئىدىيىسى جەھەتتىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش كېرەك؛ ئىقتىدارلىق، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، تىمەن ۋە قاۋۇل خىزمەتچى خادىملارنى ئەستايىدىل تاللاپ، ھاجىلارغا مۇلازىمەت قىلىشقا ئەۋەتىش كېرەك؛ ھەج خىزمىتىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنى پەيدىنپەي بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە نام بەلگىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياخشى روھىي قىياپىتى ۋە ئوبرازىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ھەج خىزمىتىنى تېخىمۇ تەرتىپلىك، رەتلىك ۋە قېلىپلىق قىلىش كېرەك.

## 7. ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش

يېڭى تارىخىي شارائىتتا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىمۇ دەۋرى تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىغا ماسلىشىشى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. **بىرىنچىدىن**، كۆز قاراشنى تېخىمۇ يېڭىلاپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۈتۈپ ئولتۇرۇش، يۆلىنىۋېلىش، قول ئۇزىتىپ ئېلىش ئىدىيىسىنى ۋە قىينچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتىنى تىرىشىپ يېڭىپ، بارلىق ئىمكانىيەتلىك شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزدىكى ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشىنى ياخشى يولغا قويۇشىمىز كېرەك. **ئىككىنچىدىن**، ھەر جەھەتتىكى ئاكتىپ ئامىللارنى كەڭ دائىرىدە قوزغاپ، ئۆزىنى ئۆزى قامداش خىزمىتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى ئۇيۇشتۇرۇشىمىز، خالىس، تۆھپىكارلىق روھىغا ئىگە، ئىگىلىك باشقۇرۇش كاللىسى بار، ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە تالانتلىق خادىملارنى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا كىرگۈزۈپ، ئاكتىپلىق بىلەن شارائىت يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ماھارىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىش ۋە قوللىنىش كېرەك، پەقەت ياخشى رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە باشلامچى بولسىلا، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قامداش ئىشلىرىمىزنى تامامەن يولغا قويۇپ كەتكىلى بولىدۇ. **ئۈچىنچىدىن**، خىزمەتتە شۆھرەتپەرەسلىك قىلىش، كۆز ئالدىدىكىنىلا كۆرۈشتەك ناچار خاھىشلارغا خاتىمە بېرىشكە دىققەت قىلىشىمىز، مادارىمىزغا ۋە مالىيىمىزگە قاراپ ئىش كۆرۈشىمىز، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قامداش يولىدا كىچىك كۆلەملىك، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان كارخانا-كەسپىي ئىشلار ۋە جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىشىمىز، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. **تۆتىنچىدىن**، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مەسچىتلەر ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، مۇناسىۋەتلىك قائىدە-تۈزۈملەر قۇرۇلۇشى ۋە مالىيە خىزمىتىدە دېموكراتىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئومۇمنىڭ نامىنى سېتىپ ئۆزىنى بېيىتىدىغان، ئومۇمنىڭ زىيىنى ھېسابىغا ئۆزىنى سەمرىتىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. **بەشىنچىدىن**، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلى ۋە مەسچىتلەرنىڭ شەرت-شارائىتى ئوخشاش بولمىغانلىقى، ئەھۋالى پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمۇ ناھايىتى تەكشى ئەمەس، شۇڭا، ھەرقايسى جايلار ئارىسىدىكى ئالاقە، ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئىنتايىن زۆرۈر، بىز، ئىنتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئەۋزەللىكلىرى بىلەن بىر-بىرىنى تولۇقلاش، ئورتاق يۈكسىلىشتەك ھەمكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشىنى بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

رەئىس جياڭ زېمىن "مەركەزنىڭ مىللىي خىزمەت يىغىنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىنتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى"دا: "غەربىي قىسمىنى كەڭ دائىرىدە ئېچىش مەملىكىتىمىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىنكى ئەسىرلىك تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە، شۇنداقلا، مىللىي رايونلار تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم تارىخىي پۇرسەت...» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئىقتىسادى نىسبەتەن ئارقىدا ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا يىغىلىپ ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا، بىز ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئاتلىنىپ، ئۆز مىللىتى رايونىنىڭ نامرات-قالاقلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق يۈكسىلىشى، ئىرتاق بېيىشى ئۈچۈن، مۇسۇلمان مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشقا ئاكتىپ ئىلھاملاندۇرۇشىمىز ۋە يېتەكلىشىمىز لازىم.

## 8. ئىسلام دىنى تەشكىلىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ”ئىنتىپاقلىشىپ دىنىي ئىشلارنى بېجىرىش“تەك ياخشى پەزىلەتنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش

**بىرىنچىدىن**، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، بولۇپمۇ ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى ياشلاشتۇرۇش، كەسپلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك، بۇنداق قىلىش يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى. ئالدى بىلەن، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك، تىمەن-قاۋۇل ئىختىساسلىقلارنى ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسەت ۋە ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيە سىياسىي ۋە خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىدىيە قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە خىزمەت ئىستىلى قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇرۇشىمىز، خىزمەت داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشىمىز لازىم. **ئىككىنچىدىن**، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ئومۇمىيلىقنى مۇھىم بىلىش، خىزمەتنى ئاساس قىلىش، ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئىچكى ئىنتىپاقلىقىنى تىرىشىپ ياخشىلاش كېرەك. **ئۈچىنچىدىن**، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنىي ئىشلار خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىش، مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، ھەركىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا مادارىمىزنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىشىمىز لازىم. **تۆتىنچىدىن**، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلى، دىنىي خادىملار، دىنىي ئىشلار خىزمىتى قاتارلىق جەھەتلەرگە ئالاقىدار باشقۇرۇش نىزامى ۋە چارىلىرىنى تەدرىجىي تۈزۈپ چىقىش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاخۇن-موللىلارغا سىناق ئارقىلىق گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. سىناق قىلىش ئۆلچىمىنى پەيدىنپەي بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەمدە ئۈلگىلىك ئاخۇن-موللىلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاپ چىقىپ تەقدىرلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، دىنىي ئىشلار پائالىيىتىمىز ۋە دىنىي ئىشلار خىزمىتىمىزنى مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى قەدىمىگە يېتىشتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيلىكىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، خىزمەتلىرىمىزدە ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، رىئايە قىلىدىغان نىزام بولۇشنى ھەققىي يولغا قويۇش لازىم. **بەشىنچىدىن**، ئەررىيەت خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ئاما ئىنكاس قىلغان بەزى زور مەسىلىلەرنى مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى رەھبەرلىك تارماقلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. **ئالتىنچىدىن**، ھەر خىل ئۇشتۇمتۇت ۋەقەلەرنى قانۇن ۋە قانۇن-نىزاملارغا تايىنىپ ياخشى بىر ياقلىق قىلىش، پىكىر، تەكلىپ ۋە تەلەپلەرنى نورمال يول بىلەن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتكە ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئىنكاس قىلىش، ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىنى قوللاش كېرەك. **يەتتىنچىدىن**، «قۇرئان كەرىم»دىكى **”ھەممىڭلار ئاللانىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار“**

دېگەن تەلىم بويىچە، مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە مەزھەپ ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئاردىكى ئىختىلاپلارنى مۇسۇلمان قېرىنداشلىق روھى بىلەن ھەل قىلىش، چوڭ جەھەتتىن ئورتاقلىقنى ساقلاپ، كىچىك جەھەتتىن پەرقنى ساقلاپ قېلىش، باراۋەرلىك، ھەمكارلىق، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش، مەزھەپ مەسىلىلىرىدىن پايدىلىنىپ چاتاق چىقىرىشقا، ماجىرا[1] تۇغدۇرۇشقا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، "ئىتتىپاقلىشىپ دىنىي ئىشلارنى بېجىرىش"تەك ياخشى پەزىلەتنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىدا: "ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ ھاياتىي كۈچى ھەرىكەتتە، ئۇنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى مۇلازىمەتتە، ئۇنىڭ تۈرتكىلىك كۈچى ئىتتىپاقلىقتا" دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. شۇڭا بىز "راستچىل بولۇش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش" خىزمەت ئۇسلۇبىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشىمىز، خىزمەتتە ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىش، ئەمەلىي گەپنى قىلىش، ئەمەلىي غەيرەتكە كېلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك؛ تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، دىنىي ئىشلار خىزمىتىنىڭ يېڭى ساھەسىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئېچىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نوقتىسىنى دۆلەت ئىچىدىكى دىنىي ئىشلار خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا بۇرۇشىمىز لازىم. پەقەت دۆلەت ئىچىدىكى دىنىي ئىشلار پائالىيىتىنى ئەستايىدىل، ھەقىقىي تۈردە ياخشى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرغاندىلا، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىق ئالاھىدىلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگىلى، ئامما ئارىسىدا ياخشى ئوبراز تىكلىگىلى بولىدۇ. بىز ھەر ۋاقىت سەگەك بولۇپ، نەتىجە ۋە قىيىنچىلىقلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، قىيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، مەغرۇرلۇق ۋە قانائەتچانلىقتىن ساقلىنىشىمىز، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، يەڭگىللىكتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئىشلارنى ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، قۇرۇق گەپ سېتىشتىن قەتئىي ھەزەر ئەيلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزنى پۇختا-بەجانىدىللىق بىلەن ئالغا يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز خىزمىتىمىزدە ئالدى بىلەن دىنلار ئارىسىدىكى، دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى، مەزھەپلەر ئارىسىدىكى، مەزھەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ياخشى يولغا قويۇشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك. شۇنداقلا، ئۆزىمىزنى ئۆزلۈكسىز تەرتىپكە سېلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىلىنىڭ تېگىشلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بىزنىڭ تىرىشىش نىشانىمىز: جۇڭگو ئىسلام دىنىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرىدىغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىغا ماسلىشىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ روھى ۋە ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرىدىغان، ئىتتىپاقلىققا، مەدەنىيلىككە، ئەخلاق-پەزىلەتكە، تىنچلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، دۆلەتكە، خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىدىغان دىن قىلىپ يولغا قويۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىنتىلىپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، تىرىشىپ يېڭى ئەسىردە مەملىكىتىمىز ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشتىن ئىبارەت.

ۋەكىللەر:

بۇ قېتىمقى يىغىن مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىر قېتىملىق تەنتەنىلىك يىغىنى، شۇنداقلا، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇشىدىكى بىر نامايەندە. ئىلگىرىنى ئەسلىسەك، ئاجايىپ چاغلىرىمىز ئۆتكەنىدى، ھازىرغا نەزەر سالساق، گۈزەل ئىستىقبالىمىز نامايان بولماقتا. بىز، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈپ، دىنىنى سۆيۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ يۈكسىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت يارىتىپ، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، ھەر مىللەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك راۋاج تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك روناق تېپىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

ئاللاتائالادىن مەددەت تىلەيمىز!

رەھمەت سىلەرگە!

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى

## بىرىنچى باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ نامى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ (ئىنگلىزچىگە CHINA ISLAMIC ASSOCIATION دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ).

**2-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك دىنىي تەشكىلاتىدۇر.

**3-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى: ھۆكۈمەتنىڭ مەملىكىتىمىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەمدە بولۇش؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۆپ روھى ۋە ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش؛ دىنىي ئىشلارنى مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ ئۆز ئالدىغا يولغا قويۇش؛ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇش؛ ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەش؛ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ لۇشيەننى ھىمايە قىلىش؛ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشىغا، ئىجتىمائىي ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە ئەمەل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

**4-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى يېتەكچىلىكىنى ۋە دۆلەت خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتنى تىزىملاشنى باشقۇرۇشىنى ۋە نازارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**5-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئورنى بېيجىڭدا بولىدۇ.

## ئىككىنچى باب كەسپىي ئىشلار دائىرىسى

**6-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق كەسپىي ئىشلىرى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسى مۇنۇلار:

1) ئاساسىي قانۇن، قانۇن، قانۇن-نىزام ۋە سىياسەتلەر بەلگىلىمىسى دائىرىسى ئىچىدە ئىسلام دىنىي ئىشلىرى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش؛

2) ئىسلام مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىسلام دىنى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش؛

3) ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل تارىخىي ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىپ ۋە رەتلەپ چىقىش، ئىسلام ئىلمىي-مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش، دىنىي كىتاب-ژۇرناللارنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش؛

4) ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈرلۈك باشقۇرۇش قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش، ساغلاملاشتۇرۇش؛

5) جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنىي ئىشلار خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش؛

6) جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مەسچىتلەرنىڭ دۆلەتكە، خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىدىغان جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرى ۋە ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولۇش؛

7) ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى ۋە ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشنى قانات يايدۇرۇش، ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش.

## ئۈچىنچى باب تەشكىلىي ئاپپارات ۋە مەسئۇل خادىملارنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم ئۇلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقلىرى

**7-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئاپپاراتى—جۇڭگو ئىسلام دىنى مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدۇر. مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مۇنۇلار:

1) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ نىزامنامە (تۈزىتىلگەن لايىھە)سىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش؛

2) ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىش؛

3) ئۆتكەنكى نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش؛

4) مۇناسىۋەتلىك مۇھىم قارارلارنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش؛

5) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ خىزمەت نىشانى ۋە ۋەزىپىلىرىنى بېكىتىش؛

6) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىش ئىشىنى قارار قىلىش.

**8-ماددا** مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە بارلىققا كېلىش چارىسىنى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئىتى يىغىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىدۇ.

**9-ماددا** مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنى ۋەكىللەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇقى قاتناشقاندىلا ئېچىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ قارارى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقى ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىغاندىلا ئىناۋەتلىك بولىدۇ.

**10-ماددا** مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئېچىلىدۇ.

**11-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتتە ھەيئەت تەسىس قىلىنىدۇ، ھەيئەت مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا جاۋابكار بولىدۇ. ھەيئەت يىغىنى ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىپ، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى مۇھاكىمە ۋە مۇزاكىرە قىلىدۇ، تەكلىپلەرنى بىر ياقلىق قىلىدۇ، جەمئىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا بۇ يىغىن مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئېچىلىدۇ.

**12-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتتە دائىمىي ھەيئەت تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئەزالىرى ھەيئەت يىغىنىنىڭ سايلىمى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ، دائىمىي ھەيئەت مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋە ھەيئەت يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىدۇ، مۇھىم ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىپ بەلگىلەيدۇ، مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ۋە ھەيئەت يىغىنىنى ئېچىشقا تەييارلىق كۆرىدۇ ھەم بۇ يىغىنلارغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. دائىمىي ھەيئەت خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ تۈرلۈك مەخسۇس ھەيئەتلەرنى تەسىس قىلىدۇ.

**13-ماددا** دائىمىي ھەيئەت يىغىنىنى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇقى قاتناشقاندىلا ئېچىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ قارارى يىغىنغا قاتناشقان دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىغاندىلا ئىناۋەتلىك بولىدۇ. دائىمىي ھەيئەت يىغىنى ھەر يىلى بىر قېتىم ئېچىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئېچىلىدۇ.

**14-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتتە بىر نەپەر رەئىس، بىرقانچە نەپەر مۇئاۋىن رەئىس، بىر نەپەر باش كاتىپ تەسىس قىلىنىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەيئەت يىغىنىنىڭ كېڭىشىپ سايلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى يېپىق مەزگىلىدە، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ دائىمىي ھەيئەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك ۋە رەھبەرلىك قىلىدۇ. باش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كاتىپ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلارغا ياردەملىشىپ خىزمەت ئىشلەيدۇ.

**15-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتتە مەسلىھەتچى تەسىس قىلىنىدۇ، مەسلىھەتچىلەر ھەيئەت يىغىنىنىڭ كېڭىشىپ كۆرسىتىشى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ.

**16-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپى تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى لازىم:

1) جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان، سىياسىيساپاسى ياخشى بولۇشى؛

2) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ كەسپىي ئىشلىرى ساھەسىدە بىرقەدەر زور تەسىرگە ئىگە بولۇشى؛

3) تېنى ساغلام، نورمال خىزمەتنى ئۆزمەي داۋاملاشتۇرالايدىغان بولۇشى؛

4) تولۇق ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى.

**17-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش قەرەللى پرىنسىپ جەھەتتە ئىككى نۆۋەتتىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ، پەۋقۇلئاددە ئەھۋال تۈپەيلىدىن ۋەزىپە ئۆتەش قەرەللىنى ئۇزارتىش توغرا كەلسە، مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق ۋەكىللىنىڭ ئاۋاز بېرىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكەن ھەمدە كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇش تارمىقىغا يوللىنىپ، ئۇلارنىڭ تەستىقلاپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ۋەزىپە ئۆتەش قەرەللىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

**18-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىسى(ياكى باش كاتىپى) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىل ئىگىسى بولىدۇ، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىل ئىگىسى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ۋەكىل ئىگىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە بولمايدۇ.

**19-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىسى تۆۋەندىكىدەك خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ:

1) ھەيئەت يىغىنى، دائىمىي ھەيئەت يىغىنىنى چاقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ؛

2) ۋەكىللەر يىغىنى، ھەيئەت يىغىنى، دائىمىي ھەيئەت يىغىنى قارارلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ؛

3) مەزكۇر جەمئىيەتكە ۋاكالىتەن، مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويىدۇ.

**20-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ باش كاتىپى تۆۋەندىكىدەك خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ:

1) مەزكۇر جەمئىيەتتىكى ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، يىللىق خىزمەت پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۇيۇشتۇرىدۇ؛

2) مەزكۇر جەمئىيەت بىلەن يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ؛

3) مەزكۇر جەمئىيەت بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ؛

4) مۇئاۋىن باش كاتىپ نامزاتلىرىنى كۆرسىتىپ، دائىمىي ھەيئەت يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزىدۇ؛

5) كەسپىي ئاپپاراتلار، ئىگىلىك گەۋدىسى ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى نامزاتلىرىنى كۆرسىتىپ، رەئىسلار خىزمەت يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە تاپشۇرىدۇ؛

6) كەسپىي ئاپپاراتلار، ئىگىلىك گەۋدىسى ئاپپاراتلىرىنىڭ مەخسۇس خىزمەتچى خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشنى بەلگىلەيدۇ؛

7) باشقا كۈندىلىك ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىدۇ.

**21-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتتە دىنىي ئىشلار بۆلۈمى، خەلقئارالىق ئىشلار بۆلۈمى، تەتقىقات بۆلۈمى، تەھرىر بۆلۈمى ۋە ئىشخانا قاتارلىق كەسپىي ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنىدۇ ھەمدە جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ مۇناسىپ ئاپپاراتلار كۆپەيتىلىدۇ.

**22-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى باشقۇرىدۇ ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىدۇ، ئۆزىنى ئۆزى قامداش يولىدىكى كارخانا ۋە كەسپىي ئىشلار ھەمدە ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرى قاتارلىقلار جەھەتتىكى ئەمەلىي گەۋدىلەرنى يولغا قويىدۇ.

## تۆتىنچى باب مەبلەغ ۋە مال-مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش پرىنسىپلىرى

**23-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ راسخوت مەنبەسى:

1) دائىمىي ھەيئەت غەملەش؛

2) مۇسۇلمانلار ئىختىيارەن ئىئانە قىلىش؛

3) ئۆزىنى ئۆزى قامداش يولىدىكى كارخانا، كەسپىي ساھەلەر كىرىمى؛

4) ھۆكۈمەتتىن ياردەم تەلەپ قىلىش؛

5) باشقا قانۇنلۇق كىرىملەر.

**24-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ راسخوتى مەزكۇر نىزامنامىدە بەلگىلەنگەن كەسپلەر دائىرىسىگە ۋە كەسپىي ئىشلار تەرەققىياتىغا ئىشلىتىلىشى كېرەك، ئۇنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىشقا بولمايدۇ.

**25-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت پۇختا مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، بوغالتىرلىق ماتېرىياللىرىنىڭ قانۇنلۇق، راست، توغرا، مۇكەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

**26-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت كەسىپ سالاھىيىتىگە ئىگە بوغالتىرلارنى سەپلەيدۇ. بوغالتىر بىلەن كاسسىر ئايرىم-ئايرىم بولىدۇ. بوغالتىرلار بوغالتىرلىق ھېساباتى ئېلىپ بېرىشى، مالىيە نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشى لازىم. بوغالتىرلار ئۆزىنىڭ خىزمىتى يۆتكەلگەندە ياكى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندا، ئۆتكۈزۈۋالغۇچى بوغالتىر خادىملار بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتىنى ئېنىق بېجىرىشى لازىم.

**27-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مەبلەغ ۋە مال-مۈلكىنى باشقۇرۇشتا، دۆلەت بەلگىلىگەن مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش، مەزكۇر جەمئىيەت رەئىسلار خىزمەت يىغىنى ۋە مالىيە تارمىقىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. مەبلەغ ۋە مال-مۈلۈك مەنبەسى ئىجتىمائىي ئىئانە ياكى ھۆكۈمەت ياردىمى دائىرىسىدا بولسا، ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئورگىنىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك.

**28-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت نۆۋەت ئالمىشىش ياكى قانۇنىي ۋەكىل ئىگىسىنى ئالماشتۇرۇش ئالدىدا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش ئورگىنى ۋە كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرغۇچى تارماق تەشكىللىگەن مالىيە مۇپەتتىشلىكىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

**29-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مەبلەغ ۋە مال-مۈلكىنى ھەرقانداق ئورۇن، شەخسنىڭ ئىگەللىۋېلىشىغا، بۆلۈشۈۋېلىشىغا ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىشىغا بولمايدۇ.

**30-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مەخسۇس خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى، سۇغۇرتىسى ۋە باشقا پاراۋانلىق تەمىناتلىرى دۆلەتنىڭ كەسپىي ئورۇنلارغا قاراتقان مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە بېجىرىلىدۇ.

## بەشىنچى باب نىزامنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەرتىپى

**31-ماددا** مەزكۇر نىزامنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئىشى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئاۋازغا سالغاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىغا قويۇلۇشى كېرەك.

**32-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ تۈزىتىلگەن نىزامنامىسى مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ماقۇللاپ بولغاندىن كېيىنكى 15 كۈن ئىچىدە، كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكەن ھەمدە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش ئورگىنىغا يوللىنىپ، ئۇلار تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

## ئالتىنچى باب　قوشۇمچە پرىنسىپ

**33-ماددا** مەزكۇر نىزامنامىنى 2000-يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنى جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان.

**34-ماددا** مەزكۇر نىزامنامىنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئىتىگە تەئەللۇق.

**35-ماددا** مەزكۇر نىزامنامە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش ئورگىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان كۈندىن باشلاپ ئىناۋەتلىك بولىدۇ.

**36-ماددا** مەزكۇر جەمئىيەت ئۆز پائالىيىتىنى توختىتىپ، ئۆزىنى رويخەتتىن ئۆچۈرگۈزۈشكە توغرا كەلسە، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە بىجرىلىدۇ.

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ئىسىملىكى

(2000-يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 1-سانلىق يىغىنىدا سايلانغان، خەنزۇچە خەت سىزىقى تەرتىپى بويىچە تىزىلدى.)

دىڭ ۋېنفاڭ، دىڭ چىڭشۈەن، ما ۋەنچۈەن، ما كەيشيەن، ما يۈنفۇ، ما جىنچېڭ (دۇڭشياڭ)، ما ئەنتەي، ما لياڭجى، ما جۇڭجې، ما مىڭلى، ما لياڭشېڭ، ما ۋېيچىڭ، ما جىرىن، ما يۈيجۈن، ما ياۋوۋ (باۋئەن)، نىياز قارىي ھاجى (قىرغىز)، بەي رۇنشېڭ، ليۇ شىيىڭ، ليۇ شۇشياڭ، ليۇ باۋچى، ليۇ چىچۈن، يەھياجان قارىي ھاجى (ئۆزبېك)، مۇھەممەت سالىھ ھاجى (ئۇيغۇر)، ۋۇ يىيې، ياڭ سىن، ياڭ ۋەنلى، ياڭ فامىڭ، ياڭ زۇڭشەن، ياڭ چىڭتىڭ، چېن گۇاڭيۈەن، سۇ سەيجۇاڭ، ئابلا قارىي ھاجى (ئۇيغۇر)، ئابدۇلېتىپ داموللا (ئۇيغۇر)، ھارۇنخان ھاجى دامموللا (ئۇيغۇر)، نا شىڭزەي، يۈي جېنگۈي، ۋۇ چىڭفاڭ، لى خۇڭبىن، لى موتاڭ، شېن شياشى، جاڭ جىڭبو، ئىبراھىم روزى (ئۇيغۇر)، ۋەن ياۋبىن، بەي يۈيفېڭ (ئايال)، ھاجى ئەكبەر قوگۇر (قازاق)، جاۋ ۋېيپىن، شەمشىدىن ھاجى (ئۇيغۇر)، خۇاڭ چېيۇرۇن، شې شىڭلىن، خەن شېڭگۈي، خەن جوخۇي (سالار)، جىن شىئىن

(ئەسكەرتىش: مىللەت نامى بېرىلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى خۇيزۇ.)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە باش كاتىپى ئىسىملىكى

(2000-يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 1-سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان.)

**رەئىس:** ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن (خۇيزۇ)

**مۇئاۋىن رەئىسلەر:**

ھارۇنخان ھاجى دامموللا (ئۇيغۇر)، مۇھەممەت سالىھ ھاجى (ئۇيغۇر)، ئەلى ليۇ شۇشياڭ (خۇيزۇ)، مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي (خۇيزۇ)، ھەبىبۇللا شې شىڭلىن (خۇيزۇ)، شەمسىددىن ما جىنچېڭ (دۇڭشياڭ)، ئابدۇللا خەن شېڭگۈي (خۇيزۇ)، ھاجى ئەكبەر قوگۇر (قازاق)، يۇنۇس ما لياڭجى (خۇيزۇ)، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ (خۇيزۇ)، شەمشىدىن ھاجى (ئۇيغۇر)، ئىبراھىم ۋۇ يىيې (خۇيزۇ)، يۈسۈف ليۇ باۋچى (خۇيزۇ)، ئىبراھىم دىڭ ۋېنفاڭ (خۇيزۇ)، نىياز قارىي ھاجى (قىرغىز)، ئابدۇللا لى خۇڭبىن (خۇيزۇ)، مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجې (خۇيزۇ)،

**باش كاتىپ:** مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي (قوشۇمچە)

### جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئىسملىكى

(2000-يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 1-سانلىق يىغىنىدا كېڭىشىپ كۆرسىتىلگەن.)

ھاجى ئىلياس شىن شياشى (خۇيزۇ)، جامالىددىن بەي شۈيى (خۇيزۇ)، مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن (خۇيزۇ)، نۇئمان ما شيەن (خۇيزۇ)، ھۈسەيىن ھاجى (قىرغىز)، خەن مەنسۇر ھاجى (سالار)، ئابدۇرەھىم ئىمىن (ئۇيغۇر)، ئابدۇرەھمان نا جۇڭ (خۇيزۇ).

### جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى ئىسملىكى

(2000-يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنى باش كاتىپ يۈي جېنگۈينىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتى دائىمىي ھەيئىتىنىڭ 1-سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان.)

ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ (خۇيزۇ)، مۇستافا ياڭ جىبو (خۇيزۇ)، بارات رەجەپ (ئۇيغۇر).

## جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى

(2000-يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنى ماقۇللانغان.)

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

جۇڭگو ئىسلام دىنىي 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى 2000-يىل 1-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى، مەملىكەت بويىچە ئون ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئىسلام دىــنى ساھەسىدىكى زاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ھەمدە مائارىپ، ئىلىم-پەن، ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇسۇلمانلاردىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر بولۇپ جەمئىي 324 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ۋەكىللەر 31 كىشى) يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى. بۇ يىغىن ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىنتىلىش، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشنى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، يېڭى ئەسىردە مەملىكىتىمىز ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشنى مەقسەت قىلغان بىر قېتىملىق كاتتا يىغىن بولدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ غەمخورلۇقى، قوللىشى ۋە يېتەكچىلىكىدە، بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، بۇ يىغىن بەلگىلىگەن قارالمىلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىپ، تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

يىغىن مەزگىلىدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىــچېن، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قەدەم تەشرىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلەپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالتە يىلدىن بۇيانقى خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا ئۈمىد ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەھمەد يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى. يىغىندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگو قاتارلىق رەھبەرلەر بارلىق ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام دىنى خىزمىتىگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا بولغان غەمخورلۇقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ۋەكىللەرگە ئىنتايىن زور ئىلھام بېغىشلىدى.

يىغىن ئەھلى مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىننىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى: «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»نىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ماقۇللىدى؛ دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ كېڭىشىش ئاساسىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 7-نۆۋەتلىك ھەيئىتى، دائىمىي ھەيئىتى ۋە رەھبەرلىك ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى؛ يىغىندا يەنە مەملىكەت بويىچە 100 ئۈلگىلىك مەسچىت تەقدىرلەندى ۋە ئۇلارغا مۇكاپات لەۋھەسى ھەم گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى.

يىغىن ئەھلى بىردەك مۇنداق قاراشقا كەلدى: 6-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيانقى ئالتە يىل ئىچىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى بىلەن، رەئىس سالىھ ئەن شۇبىي داموللامنىڭ رەھبەرلىكىدە، "دۆلەت ئىچىدىكى خىزمەتنى مۇھىم نۇقتا قىلىش "پرىنسىپىنى مەھكەم چۆرىدەپ، ئۈنۈملۈك، ئىجادىي خاراكتېرلىك نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىززەت-ئابرۇيىنى ئۆستۈردى ۋە ياخشى ئوبراز تىكلىدى. يىغىن ئەھلى بىردەك شۇنداق قارىدىكى: مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ ۋەن ياۋبىن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىدىكى ئۆتكەنكى ئالتە يىللىق خىزمەت ئەسلىمىسى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا بولغان، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق خىزمەت ھەققىدىكى تەكلىپلەر ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يىغىن بۇ دوكلاتقا تامامەن قوشۇلدۇ؛ يىغىن يېڭى نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى كوللېكتىپىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىنتىلىپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، چىن ۋە ئەمەلىي ئىشلەپ، يول ئېچىشقا جۈرئەتلىك بولۇپ، تىرىشىپ مەملىكىتىمىز ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلدۇ.

يىغىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: يېڭى تارىخىي دەۋردە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئۆزىنىڭ تۇتقان ئورنىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈشى ۋە يېتەكلىشى لازىم؛ كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئاتلىنىشقا ئاكتىپ ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك؛ دىنىي ئىشلار پائالىيەتلىرىنى ئاساسىي قانۇن، قانۇن، قانۇن-نىزام ۋە سىياسەت بەلگىلىمىسى دائىرىسىدە قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشى، ئومۇمىيەتنى تونۇپ، چوڭ ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشى، مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ۋە مەزھەپ ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ياخشى يولغا قويۇشى، "ئىتتىپاقلىشىپ دىنىي ئىشلارنى بېجىرىش"نى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشى، دىنىي نام بىلەن چىققان مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەشەددىيلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، قانۇننىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى، خەلق مەنپەئىتىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشى لازىم.

يىغىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي

كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ۋەتەننى، دىننى سۆيۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ يۈكسىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئىزدەپ، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت جەھەتلەردە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەتراپلىق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ.

ئاللاتائالادىن مەدەت تىلەيمىز.

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ يېپىلىش نۇتقى

(2000-يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنى)

## ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن

## بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ۋەكىللەر، رەھبەرلەر، يولداشلار، دوستلار:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئەلھەمدۇلىللا، مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى بىلەن، يىقىندا چاقىرىلغان مەملىكەت بويىچە دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، نەچچە كۈندىن بېرى، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بەلگىلەنگەن قارارلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، مۆلچەرلىگەن مەقسەتكە يەتتى. يىغىن مەزگىلىدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگو، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىچېن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلدى، دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى يولداش لى رۇيخۇەن ئەتە يەنە يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشمەكچى. مانا بۇلار مەركەزنىڭ بىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرگە بولغان غەمخورلۇقنى گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماستىن، بىزگە بېرىلگەن غايەت زور ئىلھام ۋە تۈرتكە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نەچچە كۈندىن بېرى، ۋەكىللەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئىتىنىڭ دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى؛ «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»نىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى؛ «جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى»نى ماقۇللىدى؛ يېڭى بىر نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى سايلاپ چىقتى؛ مەملىكەت بويىچە 100 ئۆلگىلىك مەسچىتنى تەقدىرلىدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش يې شاۋۋېننىڭ دوكلاتىنى چوڭقۇر، ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە مۇزاكىرە قىلدى ھەممە ئۆز جايلىرىمىزغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىپ، دوكلاتنىڭ روھىنى ئۆزلەشتۈرىمىز ۋە ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرىمىز، دەپ بىردەك ئىپادە بىلدۈرۈشتى. يولداش ۋەن ياۋبىن بەرگەن ئالدىنقى نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرى

ئەتراپلىق، تەپسىلىي يەكۈنلەنگەن، بۈگۈندىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا نۇرغۇن مۇۋاپىق تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئالتە يىلدىن بېرى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكى، قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى "ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق، مۇلازىمەت" پرىنسىپى بويىچە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇ ھالەت بۈگۈندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ ۋە پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى. يىغىن داۋامىدا، ۋەكىللەر كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىشىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالتە يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە بۈگۈندىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا قىممەتلىك تەكلىپ ۋە سەممىي ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ۋەكىللەر بىردەك مۇنداق قاراشتا بولدى: بۇ قېتىمقى يىغىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ مۇھىم يىغىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلگىرىكى ئىشلارنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سالىدىغان، يېڭىلار بىلەن كونىلار ئالمىشىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يۈكسىلىپ، يېڭى ئەسىرنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى قىياپەتتە كۈتۈۋالىدىغان كاتتا يىغىن بولدى.

ۋەكىللەر! مەملىكىتىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە تەرەققىياتنى كېڭەيتىشتەك چوڭ ياخشى پەيتتە تۇرماقتا. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يەنە بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. مەركەز غەربىي قىسىم رايونلىرىنى ئېچىش سالمىقىنى زورايتىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، كەڭ غەربىي قىسىم رايونلارغا جايلاشقان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا مىڭ يىلدىمۇ تەستە كېلىدىغان بىر تەرەققىيات پۇرسىتى. قانداق قىلىپ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، قانداق قىلىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، قانداق قىلىپ ئادەتتىكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىپ، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق باياشات بولۇش، ئورتاق روناق تېپىش مەقسەت قىلىنغان زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىدىكى ھەر خىل يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئالدىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم مۇھىم بىر تېما، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن سايلاپ چىقىلغان رەھبەرلىك كوللېكتىپى بىردەك شۇنداق قاراشتىمىزكى: بىز ئىلگىرىكىدەكلا داۋاملىق تۈردە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسىتىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەمدە بولىمىز؛ "تۆتنى قوغداش"نى مىزان قىلىپ، دىنىي ئىشلار پائالىيەتلىرىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرىمىز؛ ۋەتەننى-دىننى سۆيۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەت ئىزدەپ، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرىمىز؛ دىن نامى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەشەددىيلىك ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى قەتئىي قوغدايمىز؛ ئىتتىپاقلىشىپ دىنىي ئىشلارنى بېجىرىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ۋە مەزھەپ ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىمىز؛ ئىسلام مائارىپى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، يۇقىرى ساپالىق ئىسلامىيەت ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرىمىز؛ ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە ئىسلام مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارىمىز؛ ھەج تاۋاپ خىزمىتىنى داۋاملىق قېلىپلاشتۇرۇپ، چەت ئەل مۇسۇلمانلىرى ۋە ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق دىپلوماتىيىسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىمىز؛ تىرىشىپ ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئاتلىنىشقا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن بىرلىكتە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشقا بېتەكلەيمىز.

شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى ئاستىدا، بىز چوقۇم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، رىقابەتكە يۈزلىنىپ، ۋەتەننى-دىنىنى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ يۈكسىلىش، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئىزدەش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش پرىنسىپى بويىچە جۇڭگو ئىسلام دىنىنى مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، مەدەنىيەتنى روناق تاپقۇزىدىغان، دۆلەتكە ۋە خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان، ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەيدىغان دىن قىلىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىمىز. بۇ يەردە، مەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن، يىغىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان رەھبەرلەرگە، مېھمانلارغا، يىغىنىمىزغا مۇلازىمەتتە بولغان بارلىق خىزمەتچى خادىملارغا ھەم يىغىنىمىزغا قوللايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن، ياردەم بەرگەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ۋە يولداشلارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئەمدى، جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى جاكارلايمەن.

# مەملىكەت بويىچە "بەشتە ياخشى" ئۈلگىلىك مەسچىتلەر

**ئىلاۋە:** 1996-يىل 11-ئايدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ ئاچقان مەملىكەت بويىچە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنى تەشەببۇسكار بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مەسچىتلەرگە چاقارغان «ئۈلگىلىك مەسچىتلەرنى بەرپا قىلىش-سىلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا تەشەببۇس»نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاپ، "**دېموكراتىك باشقۇرۇش ياخشى بولۇش، دىنىي خادىملارنىڭ ساپاسى ياخشى بولۇش، دىنىي پائالىيەتلەرنى نورمال قانات يايدۇرۇش ياخشى بولۇش، ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ياخشى بولۇش ۋە مۇھىت تازىلىقى ياخشى بولۇش**"تىن ئىبارەت "بەشتە ياخشى" ئۈلگىلىك مەسچىت ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە 100 ئۈلگىلىك مەسچىتنى باھالاپ تاللاپ چىقىش ئۈچۈن، سىلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى تۈزۈپ چىققانىدى.

ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ئۆز جايىدىكى ئۈلگىلىك مەسچىتلەرنى سىلىشتۇرۇپ باھالاش خىزمىتىنى ئۆز ۋاقتىدا تاماملاپ، مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك مەسچىتلەرنى سىلىشتۇرۇپ باھالاشقا قاتناشتۇرىدىغان مەسچىتلەرنىڭ ئىسىملىكىنى ۋە ماتېرىياللىرىنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە تونۇشتۇرۇپ يوللاپ بەرگەندى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى «سىلىشتۇرۇپ باھالاش ئۆلچىمى» ۋە «يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»غا ئاساسەن، قاتتىق تەلەپ بىلەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق نيۇجې مەسچىتى قاتارلىق 101 مەسچىتنى مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك مەسچىت قىلىپ باھالاپ چىقتى. باھالاپ تاللانغان 101 مەسچىت مەملىكىتىمىزدىكى 35 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىتنىڭ ۋەكىلى ۋە نەمۇنىسى. بۇ نامغا مۇشەررەپ بولغان ئۈلگىلىك مەسچىتلەرنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باشقۇرۇش خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇ شەرەپنى داۋاملىق ساقلاپ، ھەققىي تۈردە باشلامچىلىق ۋە ئۈلگىلىك رول ئويىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنداقلا، بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئارقىلىق، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولدۇرۇپ، مەسچىتنى كەڭ مۇسۇلمانلار ئامىسىنى ۋەتەننى-دىنىنى سۆيۈشكە، ئىتتىپاقلىشىپ يۈكسىلىشكە، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشقا يېتەكلەيدىغان، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى نورمال ئېلىپ بارىدىغان سورۇنى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قىياپىتىنى نامايان قىلىدىغان ئىلغار ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، يېڭى ئەسىردە مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

www.uyghurkitap.com



## ئۆلگىلىك مەسچىتلەر:

**بېيجىڭ شەھرىدىن:** نيۇجې مەسچىتى؛ چاگېيىڭ مەسچىتى. **تيەنجىن شەھرىدىن:** بېيچېن رايونى تيەنمۇ مەسچىتى؛ تاڭگۇ رايونى مەسچىتى.**شاڭخەي شەھرىدىن:** شاۋتاۋيۈەن مەسچىتى.**خېبېي ئۆلكىسىدىن:** شىجياجۇاڭ مەسچىتى؛ خېجيەن شەھرى بېگجۇ بازىرى جەنۇبىي مەسچىت؛ داچاڭ ناھىيىسى نەنستۇ مەھەللىسى مەسچىتى؛ خەندەن شەھرى مەسچىتى.**سەنشى ئۆلكىسىدىن:** چاڭجى شەھرى ئارا مەسچىتى؛ تەيىۈەن شەھرى قەدىمىي مەسچىتى.**ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىن:** كۆكخوت شەھرى شەرقىي مەسچىتى؛ ئۇرانخوت شەھرى مەسچىتى.**لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىن:** شېنياڭ شەھرى جەنۇبىي مەسچىت؛ دالىيەن شەھرى مەسچىتى.**جىلىن ئۆلكىسىدىن:** لياۋيۈەن شەھرى مەسچىتى؛ لىنجياڭ شەھرى مەسچىتى.**خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىن:** خاربىن شەھرى مەسچىتى؛ چىچىخار شەھرى فۇلارجى مەسچىتى؛ ئاچېڭ شەھرى مەسچىتى.**شەنشى ئۆلكىسىدىن:** شىئەن شەھرى داپيۈەن مەسچىتى؛ باۋجى شەھرى ئاما يولى مەسچىتى. **گەنسۇ ئۆلكىسىدىن:** لەنجۇ شەھرى شىگۇ مەسچىتى؛ لىنشيا شەھرى لاۋۋاڭ مەسچىتى؛ پىڭلياڭ شەھرى شىمالىي جامە؛ ۋۇۋېي شەھرى شەرقىي قۇۋۋق جامەسى؛ مىنشەن ناھىيىسى غەربىي جامە؛ جاڭجياچۈەن ناھىيىسى ئىتتىپاق جامەسى. **چىڭخەي ئۆلكىسىدىن:** مىنيۈەن ناھىيىسى خەنتەي يېزىسى شەرقىي شاخې مەسچىتى؛ خۇاڭيۈەن ناھىيىسى بازار مەسچىتى؛ تۇڭرېن ناھىيىسى لۇڭۇۋ مەسچىتى؛ شۈنخۇا ناھىيىسى بازار مەسچىتى. **نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدىن:** يىڭچۈەن شەھرى جەنۇبىي قۇۋۋق جامەسى؛ پىڭلو ناھىيىسى بازار جامەسى؛ خەيىۈەن ناھىيىسى غەربىي قۇۋۋق جامەسى؛ ۋۇجۇڭ شەھرى شەرقىي شىمال تەرەپ شىمالىي كىچىك مەسچىتى؛ شىجى ناھىيىسى شىڭلۇڭ جەنۇبىي جامەسى. **شەندۇڭ ئۆلكىسىدىن:** جىڭداۋ شەھرى مەسچىتى؛ جىنەن شەھرى جەنۇبىي جامە؛ خېزې شەھرى شەرقىي ماخەي مەسچىتى. **خېنەن ئۆلكىسىدىن:** جېنياڭ شەھرى شۈينەنگۈەن مەسچىتى؛ كەيفىڭ شەھرى شەرقىي جامە؛ شياڭچېڭ شەھرى نەندۈن مەسچىتى؛ شىنشياڭ شەھرى شىنرۇڭ كوچىسى مەسچىتى؛ شىڭياڭ شەھرى دۇڭگو مەسچىتى. **جياڭسۇ ئۆلكىسىدىن:** نەنجىڭ شەھرى جىڭجۆسى مەسچىتى؛ ياڭجۇ شەھرى شەنخې مەسچىتى؛ جېنجياڭ شەھرى شەنشياڭ مەسچىتى. **جېجياڭ ئۆلكىسىدىن:** خاڭجۇ شەھرى فېڭخۇاڭ مەسچىتى.**ئەنخۇي ئۆلكىسىدىن:** تەيخې ناھىيىسى مەسچىتى؛ خېشەن ناھىيىسى شەرقىي قۇۋۋق مەسچىتى؛ خۈەينەن شەھرى لەيشەنجى مەسچىتى. **خۇنەن ئۆلكىسىدىن:** شاۋياڭ شەھرى جەنۇبىي مەسچىت؛ چاڭدې شەھرى قەدىمىي مەسچىتى. **خۇبېي ئۆلكىسىدىن:** ۋۇخەن شەھرى جياڭئەن مەسچىتى؛ جىنجۇ شەھرى شاشى مەسچىتى. **جياڭشى ئۆلكىسىدىن:** جيۇجياڭ شەھرى مەسچىتى.**گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن:** گۇاڭجۇ شەھرى خۈەيشېڭ مەسچىتى. **فۇجيەن ئۆلكىسىدىن:** چۈەنجۇ شەھرى چىڭجۆسى مەسچىتى. **خەينەن ئۆلكىسىدىن:** سەنيا شەھرى خۇيخۇي شىمالىي مەسچىتى. **يۈننەن ئۆلكىسىدىن:** ئېشەن ناھىيىسى مەدەنىي مەھەللە مەسچىتى. **گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدىن:** نەننىڭ شەھرى مەسچىتى؛ جاۋتۇڭ شەھرى ماۋخو كوچىسى مەسچىتى؛ ۋېيشەن ناھىيىسى خۇيخۇيدېڭ مەسچىتى؛ گېجيۇ شەھرى شادىيەن جامەسى؛ جەنشۇي ناھىيىسى مالىشۇ مەھەللىسى مەسچىتى. **گۇيجۇ ئۆلكىسىدىن:** گۇيياڭ شەھرى مەسچىتى؛ ۋېينىڭ ناھىيىسى ياڭۋەنچياۋ مەسچىتى. **سىچۈەن ئۆلكىسىدىن:** دۇجياڭيەن شەھرى مەسچىتى؛ جىنچۈەن ناھىيىسى مەسچىتى. **شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدىن:** لاسا شەھرى جامەسى. **چۇڭچىڭ شەھرىدىن:** چۇڭچىڭ شەھرى جامەسى. **شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن:** يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 11-تۈەن بازار مەسچىتى؛ يېزا ئىگىلىك 4-دىۋىزىيە 62-تۈەن مەسچىتى. **شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن:** غۇلجا شەھرى قارا دۆڭ يېزىسى يېڭى ھايات مەسچىتى؛ قورغاس ناھىيىسى لەنگەر يېزىسى چىنرۇڭ مەھەللىسى مەسچىتى؛ كۈنەس ناھىيىسى كۈنەس بازىرى كۆك ئۆزۈك مەھەللىسى يېڭى يول مەسچىتى؛ قابا ناھىيىسى ساربۇلاق يېزا مەسچىتى؛ بورچىن ناھىيىسى قوستىق يېزا مەسچىتى؛ چۆچەك شەھرى شەھەر بازىرى خۇيزۇ مەسچىتى؛ مىچۈەن شەھرى

گۇمۇدى بازار مەسچىتى؛ گۇچۇڭ ناھىيىسى شەھەر بازىرى شەرقىي جامە؛ جىڭ ناھىيىسى ماندانبۇلاق يېزىسى بازار مەسچىتى؛ توقسۇن ناھىيە بوستان يېزا بوستان مەدرىسى مەسچىتى؛ قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە مەسچىتى؛ كورلا شەھەر چار باغ يېزا سايىباغ مەھەللە نەشپۈتلۈك مەسچىتى؛ قارا شەھەر ناھىيە يۇڭنىڭ يېزا جۇڭفاڭ مەسچىتى؛ چەرچەن ناھىيىسى شەھەر بازىرى مەسچىتى؛ كۇچار ناھىيە كۇچار بازىرى رەستە مەسچىتى؛ ئاقسۇ شەھىرى قۇمباش يېزا خالىناس 4-ئەترەت مەسچىتى؛ ئاۋات ناھىيە بازار مەسچىتى؛ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى پاختەكلى يېزىسى 3-مەھەللە مەسچىتى؛ قاغىلىق ناھىيىسى شەھەر بازىرى جامەسى؛ قەشقەر شەھىرى ھېيتگاھ جامەسى؛ يوپۇرغا ناھىيىسى شەھەر بازىرى مەسچىتى؛ خوتەن شەھىرى گۈلباغ كوچىسى يېڭى بازار مەسچىتى؛ قاراقاش ناھىيىسى شەھەر ئىچى مەسچىتى؛ چىرا ناھىيىسى شەھەر بازىرى مەسچىتى؛ ئاتۇش شەھىرى مەركىزىي مەسچىت؛ ئۈرۈمچى شەھىرى شەنشى جامەسى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى نوغاي (ياڭخاڭ) مەسچىتى.

## ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر

1. ئاقسۇ شەھىرىدىن خالىس ئىئانىچى 300 يۈەن؛
2. كورلا شەھىرىدىن: تۇرسۇن قادىر 300 يۈەن؛
3. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: ئەمەر قاسىم 160 يۈەن؛
4. توقسۇ ناھىيىسىدىن: ئەخمەت ئابباس 100 يۈەن؛
5. غۇلجا شەھىرىدىن: خالىس ئىئانىچى 100 يۈەن؛
6. كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن: غازىز ھاجى (قازاق) 100يۈەن؛
7. پوسكام ناھىيىسىدىن: خالىس ئىئانىچى 99 يۈەن؛
8. مايتاغ رايونىدىن: ھەبىبە مامۇت 59 يۈەن؛
9. مايتاغ رايونىدىن: ئارزىگۈل سېيىت 59 يۈەن؛
10. كورلا شەھىرىدىن: توختى ئابلا 50 يۈەن؛
11. ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىن: ئابدۇراخمان ئىسمازىم (قازاق) 50 يۈەن؛
12. تولى ناھىيىسىدىن: قالمەت چېگىر (قازاق) 50 يۈەن؛
13. جياڭسۇ ئۆلكىسى چاڭجۇ شەھىرىدىن: قۇربانجان 50 يۈەن؛
14. مورى ناھىيىسىدىن: ئابلىمىت نۇجۇپ 50 يۈەن؛
15. غۇلجا شەھىرىدىن: يەھياخان قارىي ھاجى (ئۆزبېك) 40 يۈەن؛
16. مايتاغ رايونىدىن: رەۋنىخان ھاجى 34 يۈەن؛
17. مايتاغ رايونىدىن: ئايشەم ئابدۇۋايىت 34 يۈەن؛
18. غۇلجا شەھىرىدىن: خۇرشىدەم غوپۇر (ئۆزبېك) 30يۈەن؛
19. مايتاغ رايونىدىن: مەرەجەم ئەمەت 29 يۈەن؛
20. قەشقەر شەھىرىدىن: ھۆسەنجان تۇرسۇن 25 يۈەن؛
21. نىلقا ناھىيىسىدىن: ئابدۇرشىت 14 يۈەن؛
22. كېرىيە ناھىيىسىدىن: ئابدۇغېنى مەتتوختى 10 يۈەن؛
23. يەكەن ناھىيىسىدىن: ئابدۇغېنى ھېكىم 10 يۈەن؛
24. ئىنسۇ ناھىيىسىدىن: ئەختەم خېلىل 10 يۈەن؛
25. ئونسۇ ناھىيىسىدىن: تۇرسۇن ھېۋىل 10 يۈەن؛
26. ئاۋات ناھىيىسىدىن: ئەقلىيارجان ئەلقەم 6 يۈەن؛
27. پېيزىۋات ناھىيىسىدىن: قادىرجان مۇھەممەت 4 يۈەن؛
28. پېيزىۋات ناھىيىسىدىن: ئوبۇلقاسىم مۇھەممەت 4 يۈەن.

**پوسكام ناھىيىسىدىن ئىئانە قىلغۇچىلار:**

ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن: ئەزىزدىن ئابلىز ھاجى (تاجىك) 50 يۈەن؛
ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن: ئەسقەر قۇربان 50 يۈەن؛
گۈلباغ يېزىسىدىن:
1. تۇرسۇن مۇھەممەت 100 يۈەن؛
2. توختى روزى 100 يۈەن؛
3. ئابدۇللا قۇربان ھاجى 20 يۈەن؛
4. ئەخمەت ھاجى 20 يۈەن؛
5. ئەبەي قارىي 20 يۈەن؛
6. مۇھەممەت ئېلى ھاجى 20 يۈەن؛
7. تۇرسۇن ھاجى 20 يۈەن؛
8. سىدىق ھاجى 20 يۈەن؛
9. قۇدرەت قارىي 20 يۈەن؛
10. غىياسىدىن قارىي 20 يۈەن؛
11. نۇرئاخۇنۇم 20 يۈەن؛
12. ئابدۇرازاق قارىي 20 يۈەن؛
13. ئوبۇل قارىي 20 يۈەن.


(ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن ئەزىزدىن ئابلىز ھاجى)

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ خاتىرىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىسمائىل ئەھمەد ۋەكىللەر بىلەن سەممىي كۆرۈشتى ۋە سۆھبەتلەشتى.



ۋەكىللەر زېھنىنى قويۇپ دوكلات ئاڭلىماقتا.



ۋەكىللەر گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلماقتا.




يېڭىدىن سايلانغان رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ ۋە تەيىنلەنگەن مۇئاۋىن باش كاتىپلار خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



ھەر مىللەت ۋەكىللىرى خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.




يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن 7-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئەزالىرى 1-سانلىق رەئىسلەر يىغىنىنى ئاچتى.



رەئىس: ھىلالىددىن چېن گۋاڭيۈەن
(خۇيزۇ، 67ياش)



مۇئاۋىن رەئىس: ھارۇنخان ھاجى داموللا
(ئۇيغۇر، 77ياش)



مۇئاۋىن رەئىس: مۇھەممەد سالىھ ھاجى
(ئۇيغۇر، 63 ياش)



ۇئاۋىن رەئىس: ئەلى ليۇ شۇشياڭ
(خۇيزۇ، 61 ياش)



مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ:
مۇھەممەدئەلى يۈي جېنگۈي (خۇيزۇ، 53 ياش)



مۇئاۋىن رەئىس: ھەببۇللا شى شىڭلىن
(خۇيزۇ، 72 ياش



مۇئاۋىن رەئىس: شەمسىددىن ما جىنچېڭ
(دۇڭشياڭ، 71 ياش)



مۇئاۋىن رەئىس: ئابدۇللا خەن شېڭگۈي
(خۇيزۇ، 72 ياش)



مۇئاۋىن رەئىس: ھاجى ئەكبەر قوڭۇر
(قازاق، 59ياش)

www.uyghurkitap.com

## ى، مۇئاۋىن رەئىسلرى ۋە باش كاتپى



مۇئاۋىن رەئىس: يۇنۇس ما لياڭجى
(خۇيزۇ، 68 ياش)



مۇئاۋىن رەئىس: مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ
(خۇيزۇ، 69 ياش)



مۇئاۋىن رەئىس: شەمشىدىن ھاجى
(ئۇيغۇر، 63 ياش)




مۇئاۋىن رەئىس: ئىبراھىم ۋۇ يىبې
(خۇيزۇ، 63 ياش)



مۇئاۋىن رەئىس: يۈسۈپ ليۇ باۋچى
(خۇيزۇ، 61 ياش)



مۇئاۋىن رەئىس: ئىبراھىم دىڭ ۋېنفاڭ
(خۇيزۇ، 67 ياش)



مۇئاۋىن رەئىس: نىياز قارىي ھاجى
(قىرغىز، 62 ياش)



مۇئاۋىن رەئىس: ئابدۇللا لى خۇڭبىن
(خۇيزۇ، 74 ياش)




مۇئاۋىن رەئىس: مۇھەممەدسىدىق ماجۇڭجى
(خۇيزۇ، 64 ياش)

# 7-نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى



**ھاجى ئىلياس شېن شياشى**
(خۇيزۇ، 79ياش)



**جامالىددىن بەي شۇيى**
(خۇيزۇ، 91 ياش)




**مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن**
(خۇيزۇ، 68 ياش)



**نۇئمان ما شيەن**
(خۇيزۇ، 71 ي




**ھۈسەيىن ھاجى**
(قىرغىز، 83 ياش)



**خەن مەنسۇر ھاجى**
(سالار، 82 ياش)



**ئابدۇرەھىم ئىمىن**
(ئۇيغۇر، 67 ياش)



**ئابدۇرەھمان نا جۇڭ**
(خۇيزۇ، 90 ي



ۋەكىللەر دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى.




يېڭىدىن سايلانغان 7-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# "زىكرى (ئاللانى ياد ئېتىش)" ھەققىدە

## مۇھەممەد سالىھ ھاجى

"زىكرى" — ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ، چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، زىكرى سۆزى «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان. مۇسۇلمان ئادەم زىكرىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىۋېلىشى ۋە ئۇنىڭغا مەزمۇنى بويىچە ئەمەل قىلىشى لازىم.

زىكرىنىڭ لۇغەت مەنىسى ياد ئېتىش، ئەسلەش دېگەن سۆزدىن ئىبارەت بولسىمۇ، دىنىي ئىستىلاھ جەھەتتىكى مەنىسى كۆپ تەرەپلىمىلىك ۋە چوڭقۇر بولۇپ، ئاللانىڭ ئەزىمىتى، ئاسمان-زېمىن ۋە پۈتۈن كائىناتتىكى مەخلۇقلاتلارنى يارىتىشتىكى ئاللانىڭ مۆجىزە خاراكتېرلىك ھۈنىرى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشنى، ئاللانىڭ مەخلۇقاتلىرى، بولۇپمۇ ئۇلارغا بەرگەن تۈرلۈك نېمەتلىرى، شەيئىلەرنى ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش يوللىرىنى قولايلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن ئاللانىڭ بىرلىككە بولغان ئىمانىنىڭ كۈچىيىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى: **"شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار، ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللانى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ"** (3-سۈرە «ئال ئىمران»، 190—191-ئايەتلەر) دېگەن ئايەتلەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئىنساننىڭ ئەمەللىرىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە ئاساسلىنىدۇ، كىشىنىڭ ئىمان ئەقىدىسى مۇشۇنداق تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق چىڭىيدۇ، ئاللانىڭ زىكرى بىلەن ئەقىللەر يورۇيدۇ، قەلبلەر ئارام تاپىدۇ، «قۇرئان كەرىم»دە: **"ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دىللىرى ئاللانى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ"** دېيىلگەن. يەنە «قۇرئان كەرىم»دىكى: **"نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللانى ياد ئېتىش ھەممىدىن (يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر"** (29-سۈرە «ئەنكەبۇت»، 45-ئايەت) دېيىلگەن ئايەتتىكى زىكرى دىلغا ئاراملىق بېغىشلايدىغان مۇشۇنداق زىكرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سەلەف ئالىملىرىدىن بىر جامائە نامازدىكى ئاللانىڭ زىكرى نامازدىن ئۇلۇغ دەيدىغان قاراشتا بولغان.

«قۇرئان كەرىم»دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە نۇرغۇن جايلاردا كەلگەن زىكرى سۆزىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن قارىغاندا، زىكرى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1. تەپەككۇر ۋە ئېتىقاد يۈزىسىدىن بولغان قەلبنىڭ زىكرى. 2. تىل بىلەن ئېيتىلىدىغان تىلنىڭ زىكرى. 3. بەدەن ئەزالىرىنىڭ زىكرى. بەدەن ئەزالىرىنىڭ زىكرى دېگىنىمىز ئاللاغا قىلىنىدىغان تائەت-ئىبادەتلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان، «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇنۇ ئايەتتىمۇ مۇشۇ مەنە ئىپادىلىنىدۇ: **"مېنى (تائەت-ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 152-ئايەت).

ھەدىسشۇناس ئالىم ئىبنى ھەجەر سەھىھۇلبۇخارىنىڭ شەرھى «پەتھۇلبارى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاتائالانىڭ ئەمرىنى ۋە ياخشى ھېسابلانغان ئىشلىرىنى تاشلىماي بېجىرىش زىكرى ھېسابلىنىدۇ، زىكرى دېگەن تەسبىھ، ھەمدۇسانالارغا ئوخشاش تىل بىلەنمۇ ئورۇنلىنىدۇ، ئاللانىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئوخشاش دىل بىلەنمۇ ئورۇنلىنىدۇ، ناماز، زاكات، ھەج قاتارلىق تائەت-ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا ئوخشاش بەدەن ئەزالار ئارقىلىقمۇ ئورۇنلىنىدۇ"، زىكرىنىڭ كەڭ مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئايەتنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: **"ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى**

**نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن ) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ ) ، ئاللانىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار ، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللانى كۆپ ياد ئېتىڭلار"** (62-سۈرە «جۇمۇئە»، 10-ئايەت). بۇ يەردە **" ئاللانىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار"** دېگەن سۆز يۇقىرىدىكى ئايەتتىكى ئىلىم-سېتىم بىلەن شۇغۇللىنىشنى كۆرسىتىدۇ، مۇنداق ئورۇندا تىل بىلەن زىكرى ئېيتىش مۇناسىپ كەلمەيدۇ، تىل بىلەن زىكرى ئېيتىش ئاللانىڭ ئەزىمىتىنى مۇلاھىزە قىلىش بىلەن ياندىشىپ كېلىشى لازىم. ئىلىم-سېتىم بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چاغدا پىكىر بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بۇ يەردە پەقەت سودا-سېتىق ئىشلىرىنى ئاللانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلغانلىقىمۇ بەدەن-ئەزالار بىلەن قىلىنغان زىكرى ئىكەنلىكى چىقىدۇ، بەزى ئەۋلىيالار "زىكرى يەتتە تۈرلۈك بولىدۇ: كۆزنىڭ زىكرى يىغا بىلەن، قۇلاقنىڭ زىكرى ئاڭلاش بىلەن، قولنىڭ زىكرى خەير-ئېھسان قىلىش بىلەن، بەدەننىڭ زىكرى ئاللاغا بەرگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىش بىلەن، قەلبنىڭ زىكرى ئاللادىن قورقۇش ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن، جاننىڭ زىكرى ئاللانىڭ تەقدىرىگە تەن بېرىش ۋە مەمنۇن بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ" دېگەن. «قۇرئان كەرىم»دە يەنە: **" ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا ، مەشئەرى ھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە ) ئاللانى ياد ئېتىڭلار"** دېيىلگەن (2-سۈرە «بەقەرە»، 198-ئايەت).

بۇ ئايەتتىكى **" ئاللانى ياد ئېتىڭلار"** دېگەن سۆزدە تىل بىلەن زىكرى-سانا ئېيتىش كۆزدە تۇتۇلغان، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج قىلغاندا مۇزدەلىفەگە يېتىپ كەلگەندە، قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈپ دۇئا قىلغان، تەكبىر، تەھلىل ئوقۇغان. زىكرىنى تىل بىلەنمۇ، دىل بىلەنمۇ ئېيتىشقا بولىدۇ، «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: **" پەرۋەردىگارىڭنى يېلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن ، ئەتىگەندە-ئاخشامدا ئۇنى پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغىن ، غاپىللاردىن بولمىغىن"** (7-سۈرە «ئەئراف»، 205-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سېنىڭ تىلىڭ ھەممىشە ئاللانىڭ زىكرى بىلەن بولسۇن" دېگەن. زىكرى ئېيتىپ تىلنى مىدىرلىتىش غايىگە يېتىشنىڭ يولى، غايە بولسا ئەقىل ۋە قەلبنىڭ ئويغىنىشىدىن ئىبارەت، زىكرى قەلبنى ئاللاغا تۇتاشتۇرىدۇ، زىكرى بىلەن ئاز مەشغۇل بولۇش ئاللادىن غاپىل بولۇشنى ۋە ئاللانى ئۇنتۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بولغان ئۆمەير: "ئىمان زىيادە بولىدۇ ۋە كەمتۈك بولىدۇ" دېگەن. ئۇنىڭدىن ئىماننىڭ زىيادە ۋە كەمتۈك بولۇشى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: "ئاللانى ياد ئەتسەك، ئاللاغا ھەمدۇ ئېيتساق، تەسبىھ ئېيتساق بۇ ئىماننىڭ زىيادە بولغانلىقى، ئاللادىن غاپىل بولۇپ ئاللانى ئۇنتۇساق ئىماننىڭ كەمتۈك بولغانلىقىدۇر" دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمراھلىرىغا: "كېلىڭلار ئىمانىمىزنى كۈچەيتەيلى"، دەپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە زىكرى ئېيتاتتى، ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە بەندىلىرىنى زىكرى ئېيتىشقا بۇيرۇغان، شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ زىكرىگە تەرغىب قىلىنغان، **" ئى مۆمىنلەر ! ئاللانى كۆپ ياد ئېتىڭلار ، ئۇنىڭغا ئەتىگەن-ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار"** (33-سۈرە «ئەھزاب»، 41-42-ئايەتلەر). **" ئاللانى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللانى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللا مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى"** (33-سۈرە «ئەھزاب»، 35-ئايەت). زىكرىنى كۆپ ئېيتىشنىڭ ئۆزى، مەغپىرەتكە ۋە ساۋابقا ئېرىششنىڭ يولىدۇر، ئاللاتائالا مۇناپىقلارنى ئەيىبلەپ، ئۇلار **" ئاللانى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ"** دېگەن (4-سۈرە «نىسا»، 142-ئايەت). ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچ سايە مەۋجۇت بولمايدىغان قىيامەت كۈنىدە، ئۆز سايىسىدە سايىدىتىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ قاتارىدا، "پىنھاندا ئاللادىن قورقۇپ ئۇنى ياد ئېتىپ كۆزلىرىدىن ياش قويۇلغان ئادەم"نى كۆرسىتىدۇ. ئاللانى زىكرى قىلىپ دىلى ئېرىپ ئاللانىڭ ئەزىمىتى ئالدىدا بەدىنىگە تىترەك ئولاشقان كىشلەرنىڭ مۇسۇلمانى كامىل (كامىل مۇسۇلمان) بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىنمۇ ھەقىقىي زىكرىنىڭ كىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈ بولىدۇ: "**پەقەت ئاللا ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللانىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر**" (8-سۈرە «ئەنھال»، 2-ئايەت).

جەننەتنىڭ ئاچقۇچى بولغان تەۋھىد كەلىمىسى "**لائىلاھە ئىللەللاھۇ**" زىكرى سۆزىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "زىكرىنىڭ ئەۋزىلى" لائىلاھە ئىللەللا لَاۤ اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ دۇر" دېگەن سۆزى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئاللانىڭ زىكرى كىشىلەرنىڭ نەپسىنى تۈزەيدۇ، جانىنى نۇرلاندۇرىدۇ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا ئۈندەپ يامان ئىشلار ۋە گۇناھلاردىن ساقلىنىشقا يېتەكلەيدۇ. زىكرىنىڭ ئۈنۈمى كىشىنىڭ تەقۋادارلىقىدا كۆرۈلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاتائالا مېنى تائەت-ئىبادەت بىلەن ياد قىلساڭلار، سىلەرنى مەن مەغپىرەت بىلەن ياد قىلىمەن. كىمكى مېنى ئىتائەتمەن ھالدا ياد ئېتىدىكەن، مېنىڭ ئۇنى مەغپىرەت بىلەن ياد ئېتىشىم تېگىشلىك بولدى. ماڭا ئاسىيلىق قىلىپ تۇرۇپ مېنى ياد ئەتسە، مەن ئۇنى ئۆچلۈك بىلەن ياد ئېتىشىم تېگىشلىك بولدى" دېگەن دەيدۇ. زىكرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دۇئا، تەسبىھ، تەھلىل، تەكبىر، ھەمدۇسانا ۋە تەۋبە-ئىستىغپارلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زىكرىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندە زىكرى، تەسبىھ، تەھلىل، تەكبىر، ھەمدۇسانا ۋە تەۋبە-ئىستىغپارلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەردىكى تېكىستلىرىدىن ئېلىنغان بىر قىسىم بايانلارنى بېرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ پەزىلىتى ۋە «قۇرئان كەرىم»دىكى بىر قىسىم سۈرە، بىر قىسىم ئايەتلەرنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## زىكرىنىڭ پەزىلىتى

ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "**سەن پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى)گە ئەگەشمىگىن**" (18-سۈرە «كەھف»، 28-ئايەت). ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "**كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز**" (20-سۈرە «تاھا»، 124-ئايەت). ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "**كىمكى مېھرىبان ئاللانى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ**" (43-سۈرە «زۇخرۇف»، 36-ئايەت). "ئاللانىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسچىتلەردە (مۆمىنلەر) ئەتىگەن-ئاخشامدا تەسبىھە ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا-سېتىق ئۇلارنى ئاللانى زىكرى قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)دىن قورقىدۇ" (24-سۈرە «نۇر»، 36-37-ئايەتلەر). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ دېگەن: "مېنىڭ بەندەم مېنى ئۆزىگە قارىتا قانداق ئويلىسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق بولىمەن، ماڭا ئۇ زىكرى ئېيتسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا مەخپىي زىكرى ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا مەخپىي ساۋاب بېرىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا جامائە بار يەردە زىكرى ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇ جامائەدىنمۇ ياخشى جامائە بار يەردە ساۋاب بېرىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا

بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن" (بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "پەرۋەردىگارىغا زىكرى ئېيتىپ تۇرىدىغان ئادەم، تىرىك ئادەمگە ئوخشايدۇ، زىكرى ئېيتىپ تۇرمايدىغان ئادەم ئۆلۈك ئادەمگە ئوخشايدۇ" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللاھنىڭ، ئاللاھقا زىكرى ئېيتقانلارنى ئىزدەپ يوللارنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان پەرىشتىلىرى بار، ئۇلار ئاللاھقا زىكرى ئېيتىۋاتقان خەلقنى ئۇچراتقان چاغلىرىدا، ئۆزئارا: كېلىڭلار، ئىزدىگىنىڭلار تېپىلدى، دەپ توۋلىشىدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر قاناتلىرى بىلەن بىرىنچى ئاسمانغىچە ئورىۋالىدۇ، ئاللاھتائالا پەرىشتىلەردىنمۇ ئوبدانراق بىلىپ تۇرۇپ: مېنىڭ بەندىلىرىم نېمە دەۋاتىدۇ؟ دەپ پەرىشتىلەردىن سورايدۇ، پەرىشتىلەر: ئۇلار ساڭا تەسبىھ ئېيتىۋاتىدۇ، تەكبىر ئېيتىۋاتىدۇ، ھەمدۇ ئېيتىۋاتىدۇ، سېنى ئۇلۇغلاۋاتىدۇ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھتائالا: ئۇلار مېنى كۆرگەنمۇ؟ دەيدۇ، پەرىشتىلەر: ياق، ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئۇلار سېنى كۆرمىگەن، دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئۇلار مېنى كۆرگەن بولسا قانداق قىلاتتى؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئەگەر ئۇلار سېنى كۆرگەن بولسا، ساڭا تېخىمۇ قاتتىق ئىبادەت قىلاتتى، سېنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇلۇغلايتتى، ساڭا تېخىمۇ كۆپ تەسبىھ ئېيتاتتى، دەيدۇ. ئاللاھتائالا: بەندىلىرىم مەندىن نېمە سورايدۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: سەندىن جەننەتنى سورايدۇ، دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئۇلار جەننەتنى كۆرگەنمۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ياق، ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئى رەببىمىز ئۇلار جەننەتنى كۆرمىگەن، دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا قانداق قىلاتتى؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراق بولاتتى، تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قىلاتتى ۋە تېخىمۇ زور قىزىقاتتى، دەيدۇ. ئاللاھتائالا: بەندىلىرىم نېمىدىن پاناھ تىلەيدۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئۇلار دوزاختىن پاناھە تىلەيدۇ دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئۇلار دوزاخنى كۆرگەنمۇ؟ دەيدۇ، پەرىشتىلەر: ياق، ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئۇلار دوزاخنى كۆرمىگەن، دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئەگەر ئۇنى كۆرگەن بولسا قانداق قىلاتتى دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئەگەر ئۇنى كۆرگەن بولسا، ئۇلار دوزاختىن تېخىمۇ بەك قاچاتتى ۋە تېخىمۇ قاتتىق قورقاتتى، دەيدۇ. ئاللاھتائالا پەرىشتىلەرگە: سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، بەندىلىرىمنى مەن ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلدىم، دەيدۇ. بۇ چاغدا پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر پەرىشتە: ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پالانى زىكرى ئېيتقۇچىلارنىڭ قاتارىدا يوق ئىدى، ئۇ بىر ئىش ئۈچۈن كېلىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ قالغان، دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئۇلار سۆھبەتداشتۇر، ئۇلارنىڭ سۆھبەتدىشى مەھرۇم قىلىنمايدۇ، دەيدۇ" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھتائالانى ھەرقانداق ۋاقىتتا ياد ئېيتىپ تۇراتتى" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "قايسى بىر قەۋم ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ بىرەر جايدا ئولتۇرسا ئۇلارنى پەرىشتىلەر ئورىۋالىدۇ ۋە ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياغىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا خاتىرجەملىك ئورۇنلىشىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا ئۆز دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەرگە بايان قىلىدۇ" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

## تەسبىھ، ھەمدۇسانا، تەكبىر ۋە تەھلىللەرنىڭ پەزىلىتى

ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە يەتتە سۈرىنى تەسبىھ سۆزى بىلەن باشلىغان، بىزنىڭ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىشىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن ئايەتلەردە تەسبىھ ھەققىدە توختالغان. ئاللاھتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: **"ئاسمانلاردىكى نەرسىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر (يەنى ئىنسانلار، ئۆسۈملۈكلەر، جانسىز شەيئىلەر) ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ"** . (61-سۈرە «سەپ»، 1-ئايەت). ئاللاھتائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **" (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن ئاللاھنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ"** . ئاللاھتائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **"يەتتە ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەيدۇ) ، لېكىن سىلەر (تىللىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر."** (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)» 44-ئايەت).

www.uyghurkitap.com



ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: "مەمنۇن بولۇشۇڭ ئۈچۈن كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن، كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن ۋە ھەمد ئېيتقىن". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "تىل بىلەن ئېيتىشتا يەڭگىل، (ئەمما) نامە-ئەمەللەرنى تاتىدىغان تارازىدا ئېغىر كېلىدىغان ئىككى كەلىمە سۆز بار، ئۇ: "ئاللانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە مەدھىيلەيمەن ۋە ئۇلۇغ ئاللانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ (ئاللانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر، بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللا ئەڭ ئۇلۇغدۇر) دېگەن سۆز ماڭا جاھاندىكى ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈكتۇر." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ (يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلا ھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ئاللاغا خاستۇر، پۈتۈن ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر، ئاللا ھەممىگە قادىردۇر) دېگەن سۆزنى كۈنىگە يۈز قېتىم ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ئون قۇل ئازاد قىلغانلىقنىڭ ساۋابى بولىدۇ ۋە شۇ كىشى ئۈچۈن يۈز ياخشىلىق يېزىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز يامانلىق ئۆچۈرۈلىدۇ ۋە شۇ كۈنى كەچكىچە ئۇنى ئاللا شەيتاندىن ساقلايدۇ، شۇ سۆزنى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئوقۇغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلى بۇنىڭغا يەتمەيدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى ھەر نامازدىن كېيىن ئاللاغا 33 قېتىم تەسبىھ ئېيتسا، 33 قېتىم ھەمد ئېيتسا، 33 قېتىم تەكبىر ئېيتسا، ئاخىردا بىر قېتىم تەھلىل ئېيتىپ يۈز توشقۇزسا، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ." يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ (ئاللانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، جەمئىي ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر، ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ، بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلا ھ يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ۋە جەمئىي ھەمدۇ سانا ئاللاغا خاستۇر، ئاللا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر) دېگەن سۆزنى كۈنىگە يۈز قېتىم دېسە، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ، ھەممىسى يوققا چىقىرىلىدۇ" دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللا "جەننەتنىڭ باغچىلىرىدىن ئۆتكەندە يايراڭلار" دېگەنىدى، مەن جەننەتنىڭ باغچىسى دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغانىدىم، "مەسچىت" دېدى، "يايراش" دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كىمكى سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ دېسە، جەننەتتە ئۇنىڭغا بىر تۈپ خورما دەرىخى تىكىلىدۇ" دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ (ئاللانىڭ مەدىتى بولمىسا ھېچ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ) دېگەن سۆزنى كۆپ ئېيتقىن، چۈنكى ئۇ جەننەتنىڭ خەزىنىلىرىدىن بىر خەزىنىدۇر" دېدى دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "نامازشامدىن كېيىن كىمكى لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ (يالغۇز بىر ئاللادىن باشقا ھېچ بىر ئىلا ھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پۈتۈن سەلتەنەت ۋە جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر، ئاللاتائالا تىرگۈزىدۇ ۋە قەبزى رو ھ قىلىدۇ، ئۇ ئاللاتائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر) دېگەن سۆزنى ئون قېتىم ئېيتىدىكەن، ئاللاتائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر جامائە پەرىشتىسنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار ئۇنى تاڭ ئاتقۇچە شەيتاندىن ساقلايدۇ، ئۇنىڭغا ئاللاتائالا جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئون ياخشىلىقنى يازىدۇ، ھالاك قىلغۇچى ئون يامانلىقنى ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئون مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلغانلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ" دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشنىڭ ھەممىسنى ئەلھەمدۇلىللا ھ دەپ باشلىمىسا، ئۇنىڭدا بەرىكەت بولمايدۇ" (بۇنىڭدا مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھەرقانداق ئىشنى — يەنى مەيلى پەرز، ياكى سۈننەت ياكى مۇباھ ئىشتا بولسۇن" — ئەلھەمدۇلىللا" بىلەن باشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى چىقىدۇ، ئالدى بىلەن "بىسمىللا" دەپ، ئاندىن كېيىن "ئەلھەمدۇلىللا" دەپ باشلاش ئەڭ ئەۋزەلدۇر.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "تاماق يەپ بولۇپ ‹ئەلھەمدۇلىللا› دېگەن، ئۇسسۇلۇق ئىچىپ بولۇپ ‹ئەلھەمدۇلىللا› دېگەن بەندىدىن ئاللا رازى بولىدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللاتائالا ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك تۆت سۆز بار، ئۇلار: سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ دۇر،

ئۇلارنىڭ قايسىسنى ئالدىدا ئېيتساڭ ساڭا ھېچ باك يوقتۇر.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ دېگەن سۆزنى ئېيتىشىم مەن ئۈچۈن جاھاندىكى ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈكتۇر.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە نۇھ ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا ئۆگەتكەن نەرسىنى ئۆگىتىپ قويىمەن ۋە ئۇنى سىلەرنىڭمۇ دېيىشىڭلارنى بۇيرۇيمەن. ئۇ: سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ دىن ئىبارەتتۇر، ئۇ مەخلۇقاتنىڭ دۇرۇتى ۋە مەخلۇقاتنىڭ تەسبىھىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن مەخلۇقاتلارغا رىزق بېرىلىدۇ.

## «حوقلة» (ھەۋقەلە، لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ «نىڭ قىسقارتىلمىسى) نىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر باقى قالىدىغان ئەمەللەرنى كۆپ قىلىڭلار ۋە تەسبىھ، تەھلىل، تەكبىر، ھەمدۇسانا ۋە لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ دېگەن سۆزنى كۆپ ئېيتىڭلار» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ھۆرەيرىگە: «ساڭا ئەرشنىڭ تەھتىدىكى جەننەتنىڭ خەزىنىلىرىدىن بولغان بىر سۆزنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ سەن لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ دېگەن سۆزنى دېگەيسەن، مۇشۇ سۆزنى دېسەڭ ئاللاتائالا مېنىڭ بەندەم مۇسۇلمان بولدى ۋە بويسۇندى دەيدۇ» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ دېگەن سۆز 99 خىل دەرتكە داۋادۇر، ئۇ دەرتلەرنىڭ ئەڭ ئاسىنى غەم-قايغۇدىن ئىبارەت.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «يەر يۈزىدىكى بىرەر ئادەم لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ دەيدىكەن، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ يوقىتا چىقىرىلىدۇ.»

## ئىستىغپارنىڭ پەزىلىتى

ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **«بىلگىنكى ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر-ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللا سىلەرنىڭ (بۇ دۇنيادىكى) ھەرىكىتىڭلارنى ۋە (ئاخىرەتتىكى) جايىڭلارنى بىلىدۇ»** (47-سۈرە «مۇھەممەد»، 19-ئايەت). ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دېگەن: **«(ئۇلارغا) ئېيتتىم: 'پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر»** (71-سۈرە «نۇھ»، 10-ئايەت). ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دېگەن: **«ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى، ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى»** (51-سۈرە «زارىيات»، 17—18-ئايەتلەر). ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دېگەن: **«(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ئاللا ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىز ئاللا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»** (24-سۈرە «نۇر»، 53-ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەن چوقۇم كۈنىگە 70 قېتىمدىن ئارتۇقراق ئاللادىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۆمىن ئەر-ئاياللار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدىكەن، ئۇنىڭ ھەربىر مۆمىن ۋە مۆمىنەگە مەغپىرەت تىلىگەنلىكى ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۆمىن ئەر-ئاياللار ئۈچۈن كۈنىگە 27 قېتىم مەغپىرەت تىلەيدىكەن، ئۇ ئادەم دۇئاسى ئىجابەت بولغانلار ۋە زېمىن ئەھلىنىڭ رىزقلاندۇرۇشىغا سەۋەبچى بولغانلار قاتارىدا بولىدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاتائالا مېنىڭ ئۈممىتىمگە مۇنداق ئىككى ئامانلىقنى چۈشۈرۈپ بەرگەن: سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) ئاللا ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا ئاللا ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ›» (8-سۈرە «ئەنفال»، 33-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى داۋاملىق مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرىدىكەن، ئاللاتائالا ئۇنىڭ ھەر خىل مۈشكۈلچىلىكلىرىنى ئاسان قىلىدۇ ۋە ھەرقانداق غەم-قايغۇلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزق ئاتا قىلىدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى تۈشۈكىدە ياتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitab.com

چاغدا أَسْتَغْفِرُ اللّٰهَ الَّذِي لَآ إِلٰهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ وَأَتُوبُ إِلَيْهِ (ئاللادىن مەغپىرەت تىلەيمىزكى ئاللادىن باشقا بىر مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللا ھەمىشە تىرىكتۇر، مەخلوقاتنى ئىدار قىلىپ تۇرغۇچىدۇر) نى ئۈچ قېتىم دېسە، ئاللا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، گەرچە ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك ۋە دەرەخنىڭ ياپرىقىنىڭ سانىدەك ۋە قۇم دۆۋىسىدىكى قۇمنىڭ سانىدەك ۋە دۇنيانىڭ كۈنلىرىنىڭ سانىدەك كۆپ بولسىمۇ."

## تەۋبەنىڭ پەزىلىتى

تەۋبە كىشىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىغا ئۆكۈنۈپ، ئاللاتائالاغا يۈزلىنىشى بولۇپ، كىشى ھەربىر گۇناھقا تەۋبە قىلىشى لازىم، گۇناھ ئاللا بىلەن بەندىنىڭ ئارىسىدىكى ئىش بولۇپ، كىشىنىڭ ھەققىگە چېتىلمايدىغان بولسا، مۇنداق ھالەتتە تەۋبىنىڭ ئۈچ شەرتى بولىدۇ: 1. گۇناھدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈش. 2. قىلغان گۇناھقا پۇشايمان قىلىش. 3. قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاش. ئەگەر گۇناھ كىشىنىڭ ھەققىگە چېتىشلىق بولسا، يۇقىرىقى شەرتلەردىن باشقا، يەنە بىر شەرت قوشۇلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ھەقنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ ئۇنى رازى قىلىشتىن ئىبارەت. كىشى گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىگە تەۋبە قىلىشى كېرەك. بىر گۇناھقا تەۋبە قىلسا بىرگە ھېساب بولىدۇ، ئەگەر ھەممە گۇناھقا تەۋبە قىلسا، ھەممىگە ھېساب بولىدۇ. چىن دىل بىلەن قىلىنغان تەۋبە ھەر ۋاقىت قوبۇل قىلىنىۋېرىدۇ، سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا ۋە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن چاغدا قىلغان تەۋبە قوبۇل بولمايدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "**ئاللا قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر؛ ئاللا ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنە ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق**" (4-سۈرە «نىسا»، 17—18-ئايەتلەر).

تەۋبە سەممىي چىن دىل بىلەن بولغان بولۇشى كېرەك. ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "**ئى مۆمىنلەر! ئاللاغا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئاللا پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى رەسۋا قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرەپىدە يورىدۇ، ئۇلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن، دەيدۇ**" (66-سۈرە «تەھرىم»، 8-ئايەت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "بەندە گۇناھىنى تونۇپ تەۋبە قىلسا، ئاللا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللاتائالا ياخشى بەندىسىنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ. بەندە: پەردىگارىم! بۇ دەرىجە ماڭا قەيەردىن كەلگەن؟ دەپ سورايدۇ. ئاللا: 'بالاڭنىڭ ساڭا مەغپىرەت قىلىشى بىلەن بۇ دەرىجىگە ئېرىشتىڭ' دەيدۇ، ئاللاتائالا كۈندۈزى گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى تەۋبە قىلسۇن دەپ كېچىسى ئۆزىنىڭ مەرھەمەت قولىنى كەڭ ئاچىدۇ، كېچىسى گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى تەۋبە قىلسۇن دەپ كۈندۈزى مەرھەمەت قولىنى كەڭ ئاچىدۇ، ئاللانىڭ بۇ مەرھەمىتى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ."

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى

ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "**ئاللا ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ،**

دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ) پەرىشتىلەرمۇ ھەققەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار" (33-سۈرە «ئەھزاب»، 56-ئايەت). دۇرۇت ئاللاتائالا تەرىپىدىن رەھمەت، كۆپلەپ مەرھەمەت قىلىش مەنىسىدە بولىدۇ، پەرىشتىلەر تەرىپىدىن مەغپىرەت تىلەش مەنىسىدە بولىدۇ، بەندىلەر تەرەپتىن بولسا دۇئا مەنىسىدە بولىدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىلىدىغان دۇرۇتنىڭ تېكىستىنى ئۆتكەندە دۇئالار بابىدا بەرگەندۇق). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت ئېيتىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭغا ئون قېتىم رەھمەت قىلىدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: "قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان كىشىلەر، ماڭا ئەڭ كۆپ دۇرۇت ئېيتقان كىشىلەردۇر." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "جۈمە كۈنى دۇرۇتنى كۆپ ئېيتىڭلار." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ ئۈممىتىمدىن كىمكى ماڭا دۇرۇت ئېيتىدىكەن، ئۇنىڭغا ئون ياخشىلىق يېزىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئون يامانلىق ئۆچۈرۈلىدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "مەن تىلغا ئېلىنغان چاغدا ماڭا دۇرۇت ئېيتمىغان ئادەم بېخىل ئادەمدۇر." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ قەبرەمنى ھېيت قىلىۋالماڭلار، ماڭا دۇرۇت ئېيتىڭلار، سىلەر قەيەردە دۇرۇت ئېيتساڭلار ماڭا يېتىدۇ" (بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا، زىيارەتتە قائىدىگە سىغمايدىغان ناشايان ئىشلارنى چەكلەشتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنى زىيارەت قىلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك قەبرىسى ئالدىدا تۇرۇپ ئەدەب-قائىدە بويىچە سالام بېرىش ياخشى سانىلىدىغان ئىشتۇر.) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ھەرقانداق بىر ئادەم ماڭا سالام بەرسە، ئۇنىڭ سالامىنى قايتۇرۇشۇم ئۈچۈن ئاللاتائالا مېنىڭ روھىمنى قايتۇرىدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرىدە ھايات بولۇپ، ئۇنىڭغا سالام بەرگۈچىلەرنىڭ سالىمىنى قايتۇرۇپ تۇرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سالام بەرگۈچىلەردىن ھېچ ۋاقىت خالىي بولمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىدىكى ھاياتىنىڭ ماھىيىتىنى ئاللا ياخشى بىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىدىكى ھاياتى بىزنىڭ ھاياتىمىزدىن پەرقلىق بولىدۇ.

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ پەزىلىتى

ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر. ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ" (56-سۈرە «ۋاقىئە»، 77—79-ئايەتلەر). ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىدىن) ئاللاغا سېغىنىپ پانا تىلىگىن" (16-سۈرە «نەھل»، 98-ئايەت). ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)" (7-سۈرە «ئەئراف»، 204-ئايەت). ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە-دانە، ئۈچۈق) ئوقۇغىن" (73-سۈرە «مۇززەممىل»، 4-ئايەت). ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان (مۇشرىكلارغا) قۇرئاننى ئوقۇغان چېغىڭدا ئۇلار بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا يوشۇرۇن پەردە پەيدا قىلدۇق" (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)»، 45-ئايەت). ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "بىز كىشىلەرنى ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق" (39-سۈرە «زۇمەر»، 27-ئايەت). ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقىدىغانلارغا (قۇرئان بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغىن)" (50-سۈرە «قاف»، 45-ئايەت). ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا

www.uyghurkitap.com

ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)" (47-سۈرە «مۇھەممەد»، 24-ئايەت). ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دەيدۇ: "**بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ**" (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)»، 9-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سىلەر خۇش خەۋەر بېرىڭلار، بۇ قۇرئاننىڭ بىر تەرىپى ئاللانىڭ قولىدا، يەنە بىر تەرىپى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردادۇر، سىلەر ئۇنى مەھكەم تۇتۇڭلار، سىلەردىن قايسىڭلار شۇنداق قىلساڭلار مەڭگۈ ھالاك بولمايسىلەر ۋە ئازمايسىلەر." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەنلەر ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئەڭ شەرەپلىك كىشىلىرى قارىيلاردۇر ۋە كېچىنى بىدار ئۆتكۈزىدىغانلاردۇر." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى بىر كېچىدە يۈز ئايەت ئوقۇسا، ئۇ، غاپىللار قاتارىدا بولمايدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئەگەر بىر بەندە «قۇرئان كەرىم»نى خەتمە قىلسا، خەتمە قىلغان چاغدا ئۇنىڭغا ئاتمىش مىڭ پەرىشتە دۇئا قىلىدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئەگەر قارىي جەننەتكە كىرسە، ئۇنىڭغا ئوقۇغىن ۋە يۇقىرى چىق دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئايەت ئوقۇپ بىر بالداق ئۆرلەيدۇ، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى ئايەتكىچە ئوقۇيدۇ."

سۈرە «فاتىھە» (تۇنجى سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "قۇرئاندىكى ئەڭ ئەۋزەل سۈرە اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِينَ (جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر) دۇر" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللاتائالا بىر بەندىگە بىرەر نېمەتنى بەرگەن بولسا، بەندە اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ (جىمى ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر) دېسە، ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، يەنە ئىككىنچى دېسە، ئاللا ئۇنىڭ ساۋابىنى يېڭىلايدۇ، ئۈچ قېتىم دېسە، ئاللا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن نامازنى ئۆزۈم بىلەن بەندەم ئارىسىدا ئىككى بۆلەككە بۆلدۈم، بەندەم ئۈچۈن سورىغان نەرسىسى تېگىشلىكتۇر" ئەگەر بەندەم اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِينَ دېسە، ئاللا: "مېنىڭ بەندەم مېنى مەدھىيىلىدى" دەيدۇ، ئەگەر اَلرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ (ئاللا ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر) دېسە، ئاللا: "مېنىڭ بەندەم مېنى تەرىپلىدى" دەيدۇ، ئەگەر مٰلِكِ يَوْمِ الدِّينِ (قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر) دېسە، ئۇ: "مېنىڭ بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى" دەيدۇ. ئەگەر إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ((رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز) دېسە، ئۇ: "بۇ بولسا مەن بىلەن بەندەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، بەندەم ئۈچۈن ئۇنىڭ سورىغىنى تېگىشلىك" دەيدۇ. ئەگەر اِهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّآلِّينَ.

(بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)) دېسە، ئۇ: "بۇ بەندەم ئۈچۈندۇر، بەندەم ئۈچۈن ئۇنىڭ سورىغانلىرى قوبۇل بولىدۇ" دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: فَاتِحَةُ الْكِتَابِ (سۈرە پاتىھە) ھەربىر كېسەل ئۈچۈن شىپادۇر." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: فَاتِحَةُ الْكِتَابِ (سۈرە پاتىھە) ئەرشنىڭ ئاستىدىكى خەزىنىدىن نازىل قىلىنغان." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "بىر بەندە بىر ئۆيدە فَاتِحَةُ الْكِتَابِ وَآيَةَ الْكُرْسِيِّ (سۈرە پاتىھە ۋە ئايەتۇلكۇرسى)نى ئوقۇمىسا، شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ئىنسان ياكى جىنىنىڭ كۆزى تېگىدۇ."

سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ھەربىر نەرسىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولىدۇ، قۇرئاننىڭ يۇقىرى پەللىسى «بەقەرە» سۈرىسىدۇر، كىمكى ئۇنى ئۆيىدە كېچىسى ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئۆيىگە شەيتان ئۈچ كېچە كىرمەيدۇ، ئۇنى كۈندۈزى ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئۆيىگە شەيتان ئۈچ كۈندۈز كىرمەيدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سۈرە «بەقەرە»دە قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ غوجىسى بولغان بىر ئايەت بار، بۇ ئايەت شەيتان بار بىر ئۆيدە ئوقۇلسا، شەيتان ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەي تۇرالمايدۇ، ئۇ بولسىمۇ «ئايەتۇلكۇرسى»دۇر." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: "ئاللاتائالا سۈرە «بەقەرە»نى ئەرشىنىڭ ئاستىدىكى غەزىنىدىن بەرگەن ئىككى ئايەت بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. سىلەر ئۇ ئىككى ئايەتنى ئۆگىنىڭلار ۋە ئۇلارنى ئاياللىرىڭلارغا ۋە بالىلىرىڭلارغا ئۆگىتىڭلار، ئۇ ئىككىسى بولسا رەھمەتتۇر، قىرائەتتۇر ۋە دۇئادۇر." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى سۈرە «بەقەرە»نىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەتنى كېچىدە ئوقۇيدىكەن، شۇ كېچىسى ئۇلار ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ."

سۈرە «ئىسرا» («بەنى ئىسرائىل»، 17 -سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى سەھەردە ۋە كەچتە قُلِ ادْعُوا اللَّهَ أَوِ ادْعُوا الرَّحْمَٰنَ أَيًّا مَّا تَدْعُوا فَلَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَىٰ (ئاللا دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر)، چۈنكى ئاللانىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار" دېگەن، (110 -ئايەت) دىن باشلاپ شۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇسا ئۇنىڭ دىلى شۇ كۈنى ۋە شۇ كېچىدە ئۆلمەيدۇ."

سۈرە «كەھف» (18-سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى سۈرە سُورَةُ الْكَهْفِ نىڭ ئالدىنقى ئون ئايىتىنى يادلىسا، ئۇ، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ئەمىن بولىدۇ."

سۈرە «نۇر» (24 -سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئەگەر بىر بەندە سۈرە «نۇر»دىكى اَللَّهُ نُورُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ (ئاللا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر (35-ئايەت) ) دېگەن ئايەتنى ئوقۇسا ۋە ئاللادىن ئۇنىڭ نۇرىنى ۋە بەرىكىتىنى تىلىسە، مۆمىن بەندە ئاللانىڭ نۇرىنى كۆرىدۇ."

سۈرە «ياسىن» (36 -سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى سۈرە ياسىننى كۈندۈزى ئوقۇسا ۋە ھاجەتمەن بولغاندا ئوقۇسا، ئۇنىڭ ھاجىتى راۋا بولىدۇ."

سۈرە «دۇخان» (44 -سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى (حٰمٓ) الدخان («ھا، مىم» «دۇخان») نى كېچىدە ئوقۇسا ئۇنىڭغا يەتمىش مىڭ پەرىشتە ئىستىغپار ئېيتىدۇ."

سۈرە «ۋاقىئە» (56 -سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى سورةَ الواقِعَةِ ھەر كېچىسى ئوقۇسا ئۇ ئادەم غورىبەتچىلىككە مەڭگۈ دۇچار بولمايدۇ."

سۈرە «ھەشر» (59 -سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى سۈرە «ھەشر»نىڭ ئاخىرقى ئايىتىنى كېچە ياكى كۈندۈزدە ئوقۇسا ۋە شۇ كۈندە ياكى كېچىدە قەبزى روھ قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتكە كىرىشكە تېگىشلىك بولىدۇ."

سۈرە «مۇلك» («تەبارەك»، 67 -سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: " «قۇرئان كەرىم»دە 30 ئايەتلىك بىر سۈرە بار، ئۇ سۈرەدە بىرەر كىشىگە شاپائەت قىلىنىپ، ئۇنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنغان، ئۇ بولسا تَبَارَكَ الَّذِي بِيَدِهِ الْمُلْكُ (پۈتۈن ئاسمان-زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللانىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر) دېگەن سۈرىدۇر." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: " «تەبارەك» سۈرىسى قەبرە ئازابىنى توسۇغۇچىدۇر."

سۈرە «زۇھا» (93 -سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ وَلَسَوْفَ يُعْطِيكَ رَبُّكَ فَتَرْضَىٰ (پەرۋەردىگارىڭ ساڭا (ئاخىرەتتە ساۋاب، ھۆرمەت ۋە شاپائەت قاتارلىقلارنى) ئاتا قىلىدۇ، سەن مەمنۇن بولىسەن) دېگەن ئايىتىدىن ئۈمىدۋار ئايەتنى نازىل قىلمىدى، مەن ئۇنى ئۆز ئۈممىتىم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە ئاتاپ قوراماساق قىلىپ ساقلاپ قويدۇم."

سۈرە «قەدىر» (97 -سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى إِنَّا أَنزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ (بىز قۇرئاننى ھەققەتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەبى قەدىرىدە نازىل قىلدۇق)نى ئوقۇسا، قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىنى ئوقۇغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ."

سۈرە «زەلزەلە» (99-سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: إِذَا زُلْزِلَتْ (ئىزا زۇلزىلەتى) قۇرئاننىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ، قُلْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْكَٰفِرُونَ ئېيتقىنكى، (ئى كاپىرلار!) (109-سۈرە) بولسا قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ، قُلْ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ (ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللا بىردۇر) (112-سۈرە) بولسا قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ."

سۈرە «تەكاسۇر» (102-سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سُورَةُ ٱلتَّكَاثُرِ نى قىرائەت قىلغۇچى روھانى ئالەمدە شۈكرىنى ئادا قىلغۇچى دەپ چاقىرىلىدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سىلەردىن بىرەرىڭلار ھەر كۈنى مىڭ ئايەت ئوقۇشقا قادىر بولالامدۇ؟ دېگەندە، ئۇلار، ئۇنىڭغا كىممۇ قادىر بولالىسۇن دەپ جاۋاب بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىرىڭلار أَلْهَىٰكُمُ ٱلتَّكَاثُرُ نى ئوقۇشقا قادىر بولالماسمۇ"؟

سۈرە «ئىخلاس» (112-سۈرە) ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى قُلْ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ نى ئۆز ئۆيىگە كىرگەندە ئوقۇسا، شۇ ئۆيىدىن ۋە قوشنىلاردىن نامراتلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "بىر كىشى قُلْ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ نى يۈز قېتىم ئوقۇسا، مادامىكى ناھەق قان تۆكمىگەن، كىشىنىڭ ھەققىنى يېمىگەن، ۋە پىسقى-پۇجۇر، مەيخورلۇقلاردىن ساقلانغان بولسا، ئاللا ئۇنىڭ 50 يىللىق گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قُلْ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ «پەلەق» سۈرىسى، ۋە «ناس» سۈرىسىنى سەن كەچتە ۋە ئەتىگەندە ئۈچ قېتىم ئوقۇساڭ سېنىڭ ھەممە ئىشىڭغا يېتەرلىكتۇر."

سۈرە «مۇئەۋۋەزەتەين»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئى ئۇقبە، ئوقۇلىدىغان ئىككى ياخشى سۆزنى ساڭا ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار ئىككىسى قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلْفَلَقِ ۋە قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ دىن ئىبارەتتۇر، ئى ئۇقبە، سەن ئۇ ئىككىسىنى ھەر قېتىم ئۇخلىغان ۋە ئورنىڭدىن تۇرغان چاغلاردا ئوقۇغىن، تىلەك تىلەشتە ۋە پاناھ تىلەشتە بۇ ئىككىسىنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر."

## "بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ" توغرىسىدا

قەمەردىن ئەھمەد

«قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇماقچى بولغان ھەرقانداق بىر كىشى ئۇنى ۋاراقلىغاندا، ئۇنىڭ كۆزىگە ئالدى بىلەن بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ دېگەن ئەرەبچە تۆت سۆزدىن تەركىب تاپقان سۆز بىرىكمىسى چېلىقىدۇ. بۇ ماقالە شۇ سۆز بىرىكمىسىنى شەرھلەشنى نىشان قىلىدۇ.

ئەرەبلەر تۇرمۇشتا كۆپ قوللىنىدىغان سۆز بىرىكمىلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ بىر سۆز ئارقىلىق ئىخچاملاپ ئىپادىلەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. مەسىلەن، "ئەلھەمدۇلىللا" (بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاغا خاستۇر) دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى "ھەمدەلە" (ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇش) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش "بەسمەلە" بىراۋنىڭ بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ نى ئوقۇغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزدۇر.

ئۇيغۇر ئېغىز تىلىدا ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان "بىسمىللا" دېگەن سۆز ئەسلى ئەرەب تىلىدىكى بِسْمِ ٱللَّهِ دېگەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ تىلىمىزغا ئۆزلىشىشى بولۇپ، بِسْمِ ٱللَّهِ دېگەن بۇ سۆز بىرىكمىسىدىكى ٱللَّهِ سۆزى ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ دىن ئىبارەت ئىككى سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنمىگەن.

### 1. "بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ" نىڭ مەنىسى

بۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن، بۇ سۆز بىرىكمىسىدىكى ھەربىر سۆزنى تەھلىل

قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈردۇر.

1) بِسْمِ ئەسلىدە ئايرىم-ئايرىم ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى "ب" ھەرپىدىن ئىبارەت (ئالدى قوشۇلغۇچى) ياردەمچى سۆز، يەنە بىرى اِسْم دېگەن سۆزدىن ئىبارەت.

(1) "ب" (ئالدى قوشۇلغۇچى) ياردەمچى سۆز دائىم ئىسىم ۋە ئالماشلارنىڭ ئالدىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىسىملار ۋە بەزى ئالماشلارنىڭ ئاخىرقى ھەرپى كەسرە بەلگىسى بىلەن ئوقۇلىدۇ. بۇ ھەرپ جۈملىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق مەنىسىگە ئاساسەن جۈملىلەردە ئوخشىمىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆز بىرىكمىسىدىكى مەنىسى "بىلەن" بولۇپ ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچىنىڭ بۇ ھەرپ كەينىگە كەلگەن ئىسىم ياكى ئالماشنىڭ ئىگىسى بىلەن بىر ئىش-ھەرىكەتنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ دېگەن بۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ قالغان بىر سۆز بار، شۇ چۈشۈپ قالغان سۆزنى بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ نى ئوقۇغان كىشىنىڭ قانداق شارائىتتا ئوقۇغانلىقىغا ئاساسەن بەلگىلەشكە بولىدۇ. ئەگەر بىراۋ تاماق يېيىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئوقۇغان بولسا بۇ ھەرپنىڭ ئالدىدا "يەيمەن" دېگەن مەنىدىكى سۆز بار. ئەگەر كىتاب ئوقۇشتىن بۇرۇن ئۇنى ئوقۇغان بولسا، "ئوقۇيمەن" دېگەن سۆز بار.

زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئەرەب تىلىدا جۈملىلەر ئىسىم بىلەن باشلانغان جۈملە ۋە پېئىل بىلەن باشلانغان جۈملە دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئىسىم بىلەن باشلانغان جۈملىنى تەھلىل قىلغاندا ئۇنىڭدا پەقەت جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرىنىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بىراق، پېئىل بىلەن باشلانغان جۈملىدە "خەۋەر" دېگەن ئاتالغۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇنداق جۈملىلەرنى تەھلىل قىلغاندا، جۈملىنىڭ ئىگىسى، تولدۇرغۇچىسى، سۈپەت، ھال قاتارلىق ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ. ئۆلىمالار بۇ سۆز بىرىكمىسىدىكى "ب" ھەرپىنىڭ ئالدىدا كەلگەن سۆزنىڭ ئىسىم ياكى پېئىل ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان: بۇ ياردەمچى ھەرپىنىڭ ئالدىدا كەلگەن سۆز "پېئىل" دېگۈچىلەر «قۇرئان كەرىم»دىكى 96-سۈرە «ئەلەق»نىڭ 1-ئايىتىدە اِقْرَاْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِيْ خَلَقَ (ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن)نى دەلىل كەلتۈرگەن. ئۇلار، بۇ ئايەتتىكى اِقْرَاْ (ئوقۇ) دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى قَرَاَ (ئۇ ئوقۇدى) دېگەن پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلى، دېمەك، بۇ جۈملە پېئىل بىلەن باشلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ دىكى "ب" ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى سۆز پېئىلدۇر، دەيدۇ. بۇ ياردەمچى ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى سۆز ئىسىم دېگۈچىلەر «قۇرئان كەرىم»دىكى 11-سۈرە «ھۇد»نىڭ 41-ئايىتى بِسْمِ اللّٰهِ مَجْرٖيهَا وَمُرْسٰيهَا (كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن)نى دەلىل كەلتۈرگەن. ئۇلار، بۇ ئايەتتىكى مَجْرٖيهَا وَمُرْسٰيهَا دېگەن ئىككى سۆز ئىسىمدۇر. ئەسلى بۇ ئىككى سۆز بِسْمِ اللّٰهِ نىڭ ئالدىدا كېلىپ جۈملىنىڭ ئىگىسى بولسا، ئۇ چاغدا بِسْمِ اللّٰهِ بۇ ئىككى سۆزنىڭ كەينىدە كېلىپ جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇشى كېرەك ئىدى، بىراق بۇ ئايەتتە مەقسەتنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئىككى ئىسىم ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى بِسْمِ اللّٰهِ غا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. لېكىن بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئورنى جۈملىدىكى خەۋەرنىڭ ئورنىدا بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا جۈملىنىڭ ئىگىسىدۇر. دېمەك، بۇ بىرىكمىدىكى "ب" ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى سۆز ئىسىمدۇر، دەيدۇ.

بۇ بىرىكمىدىكى "ب" ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى سۆز يا ئىسىم ۋە يا پېئىل بولسۇن، ئۇ يەنىلا ئاللاھنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىدە كەلگىنى ئەۋزەلدۇر، چۈنكى ئاللاتائالا بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇ ھەممىنى ياراتقۇچى بولغانىكەن، ئۇ ئەزەلدىن مەۋجۇتتۇر. ئۇنىڭ ئەزەلدىن مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىشى زۆرۈر. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى 30-سۈرە «رۇم»نىڭ 4-ئايىتىدە لِلّٰهِ الْاَمْرُ مِنْ قَبْلُ وَمِنْ بَعْدُ (ئىلگىرى-كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر) دەپ ئۆزىنى ئايەتنىڭ بېشىدا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئىسمى زىكرى قىلىنغاندا، سۆزلەرنىڭ

باش قىسمى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن باشلىنىشى كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن ئاللانىڭ ئىسمىنى جۈملىنىڭ باش قىسمىغا قويۇشتىن مەقسەت ئۇنى ئۇلۇغلاشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆز بىرىكمىسىدىكى "ب" ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى سۆز يا ئىسىم ۋە يا پېئىل بولسۇن، ئۇنىڭ ئورنى يۆتكىلىپ اَللّٰهُ بولۇپ سۆزنىڭ كەينىگە قويۇلۇشى كېرەك، مەسىلەن، بِسْمِ اللّٰهِ أَقْرَأُ (مەن ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇيمەن).

«قۇرئان كەرىم»نىڭ قەدىمى قولىيازما نۇسخىلىرىدا ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ دىكى "ب" ھەرپى چوڭ، "س" ۋە "م" ھەرپلىرى روشەن، ئېنىق قىلىپ يېزىلغان.

(2) بسم دىكى بسم نىڭ ئەسلى اسم دۇر. بۇ سۆز بىرىكمىسى ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن تەلەپپۇز قىلىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى ئەلىف(ا) قىسقارتىۋېتىلگەن. بۇ يەردە ئەلىفنىڭ بار ئىكەنلىكىگە «قۇرئان كەرىم»دىكى 96-سۈرە «ئەلەق»نىڭ 1-ئايىتى اِقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِى خَلَقَ دەلىل بولىدۇ. بۇ ئايەتتىكى اِسْمُ بىلەن بِسْمِ دىكى سْمِ ئوخشاش بىر سۆزدۇر. پەقەت بِسْمِ دىكى ئەلىف چۈشۈپ قالغان، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئىسىم، نام" دېگەندىن ئىبارەت. بۇ سۆزنىڭ ئالدىغا "ب" ھەرپى ئۇلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن كەسرە بەلگىسى بىلەن ئوقۇلغان ھەمدە بۇ سۆز كەينىدە كەلگەن اللّٰه سۆزى بىلەن ئىزافەتلىك بىرىكمىنى شەكىللەندۈرۈپ "ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن" دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

2) بۇ بىرىكمىدىكى "الله" سۆزى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك "اسم" دېگەن سۆز بىلەن ئىزافەتلىك بىرىكمىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ سۆز ئاللاتائالانىڭ بارلىق ئىسىم، سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئۇلۇغ ئىسمىدۇر. بۇ ئىسىم سان جەھەتتىن باشقا سۆزلەرگە ئوخشاش ئىككىلىك ياكى كۆپلۈك شەكلىگە ھەرگىز تۈرلەنمەيدۇ. اللّٰه سۆزىنىڭ ئەسلى إِلٰهٌ دۇر. ئۇنىڭغا ئېنىقلىغۇچى قوشۇمچە ال قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن ھەمزە چۈشۈپ قالغان. اَلْإِلٰهُ ئەسلىدە ھەرقانداق ئىبادەت قىلىنغۇچىنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، كېيىن ھەقىقىي ئىبادەت قىلىنغۇچىغا قارىتىپ ئاتاش ئۈستۈن كەلگەن. ئۇنىڭ أٰلِهَةٌ يَأْلَهُ أُلُوهَةً دىن تۈرلىنىشى ئۇنىڭ ‹ئىبادەت قىلىش› دېگەن مەنىسى بولغانلىقتىندۇر"[1]. لېكىن بەزى ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە بۇ بىر تۈپ ئىسىم بولۇپ باشقا بىر سۆزدىن تۈرلەنمىگەن.

ئەگەر بۇ سۆزنىڭ ئالدىدا كەلگەن سۆزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەرپى فەتھە ياكى پەش بەلگىسى بىلەن كەلگەن بولسا، بۇ سۆزدىكى "ل" ھەرپى يوغانلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ، ئەگەر كەسرە بەلگىسى بىلەن كەلگەن بولسا "ل" ھەرپى ئىنچىكىلىتىلىپ ئوقۇلىدۇ. اللّٰه دېگەن بۇ ئىسىم ئاللانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە مەشھۇر ئىسمىدۇر. چۈنكى ئۇ ئاللانىڭ زاتىنى ئىسپاتلايدۇ، ئاللانىڭ باشقا ئىسىملىرى بولسا ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى ئىسپاتلايدۇ. «قۇرئان كەرىم» 59-سۈرە «ھەشر»نىڭ 22-، 23-ۋە 24-ئايەتلىرىدە اللّٰه سۆزى مۇنداق سۈپەتلەنگەن: **"ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇت(بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇت (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر(يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئاللا (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر."**

بۇ ئىسىم ئاللانىڭ باشقا ئىسىم-سۈپەتلىرىدىن تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ:

(1) ئەگەر بۇ ئىسىمدىن "ا" ئېلىۋېتىلسە، لِلّٰهِ دېگەن شەكىلگە كېلىپ "ئاللا ئۈچۈن" دېگەن

مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئىككى "ل"نىڭ بىرى ئېلىۋېتىلسە إِلَهٌ دېگەن شەكىلگە كېلىپ "ئىلاھ، مەبۇت" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن "ا" بىلەن ئىككى "ل"نىڭ بىرى ئېلىۋېتىلسە لَهُ دېگەن شەكىلگە كېلىپ "ئۇنىڭغا تەۋە، ئۇنىڭ بار، ئۇنىڭ ئۈچۈن" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن "ا" ۋە ھەر ئىككى "ل" ئېلىۋېتىلسە، "ە" شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ، بۇ ئۈچىنچى شەخس ئالماش هُوَ نىڭ سۆزلەر ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان بىرلىك شەكلى بولۇپ "ئۇ" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(2) ئەگەر بىراۋ دۇئا قىلغاندا ئاللانىڭ اَلرَّزِقُ دېگەن ئىسمىنى ئىشلەتسە، ئۇ چاغدا ئاللانىڭ بارلىق مەخلۇقاتلارغا رىزق ئاتا قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى سۈپەتلەپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە رىزق ئاتا قىلىشنى تىلىگەن بولىدۇ، ئۇنىڭ باشقا سۈپەتلىرىنى سۈپەتلىمىگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ دۇئانى يَا اَللّٰهُ (ئى ئاللا) دەپ باشلىسا، ئۇ ئۇنىڭ بارلىق ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئاتاپ سۈپەتلىگەن بولىدۇ. لَا إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ دىكى اللّٰه سۆزىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ باشقا ئىسىملىرىدىن بىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئوقۇسا، ئۇ چاغدا ئاللاتائالانى اَللّٰهُ سۆزى بىلەن سۈپەتلىگەندەك مۇكەممەل بىرلىك بولمايدۇ"②.

(3) اَلرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ بۇ ئىككى سۆز ئاللاتائالانىڭ 99 ئىسىم سۈپەتلىرى قاتارىدىندۇر. بۇ ئىككى ئىسىم ئەرەب تىلىدىكى "رەھىم قىلىش، مېھرىبانلىق قىلىش" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان رَحِمَ دېگەن پېئىلدىن تۈرلىنىپ، مەنە جەھەتتىن مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، كۈچلەندۈرۈپ ھەمدە تەكىتلەپ كېلىدىغان ئىسىملاردۇر. بۇ ئىككى ئىسىمنىڭ كېلىش مەنبەسى بىر بولسىمۇ، بىراق ئاڭلىتىدىغان ئىستىلىستىكىلىق مەنىسى جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بار:

(1) بۇ ئىككى ئىسىمنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇبالىغە مەنە بېرىدىغان ئىسىم بولسىمۇ، بىراق اَلرَّحْمٰنُ بولسا اَلرَّحِيمُ دىن كۈچلۈكرەك مۇبالىغىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلىدا سۆز تەركىبىدىكى ئەسلىي ھەرپكە يەنە ھەرپ قوشۇلۇپ كەلسە، شۇ سۆزنىڭ كۈچلىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، قَطَعَ (كەستى) دېگەن پېئىلغا ھەرپ قوشۇلۇپ قَطَّعَ بولۇپ بىر ھەرپ زىيادە قىلىنغاندا، "تېز كەستى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، "③.

(2) اَلرَّحْمٰنُ "دېگەن بۇ ئىسىم ئاللانىڭ بارلىق مەخلۇقاتلىرىغا يەنى ئۇلارنى مۆمىن، كاپىر، مۇناپىق ۋە ئاسىي دەپ ئايرىماي مېھرىبانلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. اَلرَّحِيمُ "بولسا ئاللا پەقەت مۆمىنلەرگىلا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ "①.

(3) اَلرَّحْمٰنُ دېگەن بۇ ئىسىم پەقەت ئاللاغا خاستۇر. ئاللادىن غەيرىينى بۇ ئىسىم بىلەن ئاتاشقا مۇتلەق بولمايدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»، 17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل(ئىسرا) »نىڭ 110-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ,,"**ئاللا دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ. قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر)، چۈنكى ئاللانىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار، دېگىن**". دېمەك، بۇ ئايەتتە ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ اَلرَّحْمٰنُ دېگەن ئىسمىنى "الله" دېگەن ئىسمى بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويغان"⑤.

بۇ سۆز بىرىكمىدە اَلرَّحْمٰنُ دېگەن ئىسمىنى اَلرَّحِيمُ دېگەن ئىسمىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈشتىكى سەۋەبمۇ اَلرَّحْمٰنُ دېگەن بۇ ئىسمىنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە "الله" دېگەن ئىسىم بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاللاغىلا خاس ئىكەنلىكىدىندۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دە اَلرَّحِيمُ نى ئادەتتىكى ئىسىم ئورنىدا ئىشلەتكەن. ئاللاتائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۈپەتلەپ «قۇرئان كەرىم»دىكى 9-سۈرە «تەۋبە»نىڭ 128-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "**شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلمايدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر. مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.**"

دېمەك، "بىسمىللا بىلەن باشلاش" دېگەنلىك بارلىق ئىشلاردا ئاللاغا تايىنىش، باشقا ھەرقانداق ئۇ

www.uyghurkitap.com



توغرىدىكى شەكىللەرنى ئۇنتۇش، ئاللاغىلا ئىلتىجا قىلىش، ھېچقانداق شېرىكى بولمىغان يەككە، بىر ئاللا ئۈچۈن ئىشلەش بولۇپ، "بىسمىللا" دېگەندە ئادەم مۇنداق دەيدۇ: "مەن ئىشمنى ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن." يەنى "باشقا بىراۋنىڭ ئەمەس، بەلكى شۇ يەككە، بىر ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن بارلىق ئىشلاردا ياردەم تىلەپ، باشقا ھېچكىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن قورققۇچىلار ئۈچۈن يولەنچۈك بولىدىغان، يامغۇر تىلىگۈچىلەر ئۈچۈن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىلار ئۈچۈن مۇلايىم بولغۇچى شۇ بىر ئاللا ئۈچۈن ئىشلەيمەن"[6].

2. **ھەممە ئىشنى "بىسمىللا" بىلەن باشلاشنىڭ يولغا قويۇلۇشى توغرىسىدا**

ئىسلام دىنى ئىنسانلار دۇنياسىغا كېلىشتىن بۇرۇن ئەرەبلەردە ۋە باشقا مىللەتلەردە، بارلىق ئىشلارنى ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان خۇداسىنىڭ، قەبىلە باشلىقىنىڭ، پادىشاھلارنىڭ ناملىرى بىلەن باشلايدىغان ئادىتى بار ئىدى. ھەتتا بەزى مىللەتلەر تېرىقچىلىق قىلغاندا يەر خۇداسى، قەھەتچىلىك ياكى سۇ ئاپىتى يۈز بەرسە ئاسمان خۇداسى دەپ ئاتىۋالغان بۇتلىرىنىڭ ناملىرى بىلەن باشلايتتى ياكى ئامانلىق تىلەيتتى. دىني ئەقىدە جەھەتتىن كۆپ خۇدالىشىپ خۇراپاتلاشقان ۋە ئەخلاق جەھەتتىن بۇزۇلۇپ بىر تۇغقان قېرىنداشنىڭ ئايالىنى ئۆزىگە مىراس قىلىۋېلىش دەرىجىسىگە يەتكەن، ئاياللارنى پەس كۆرۈپ ئۆز پۇشتىدىن تۇغۇلغان قىز بالىسىنى تىرىك كۆمۈۋېتىپ ئۇستىنى دەسسىۋېتىپ كېتىدىغان ئەرەبلەر ئارىسىدا ھەق يولدىكى ئىسلام دىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق تارقىلىشقا باشلىدى. ئاللاتائالا مۇقەددەس، ئۇلۇغ تەڭداشسىز كالامىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىسىگە نازىل قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن ئوقۇشقا بۇيرۇپ «قۇرئان كەرىم»دىكى 96-سۈرە «ئەلەق»نىڭ 1-ئايىتىدە "**ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن**" دېدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇ ئىلاھى بۇيرۇق بويىچە ئوقۇدى ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى بولۇپمۇ ئەقىدە، ئەھكاملارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئاللانىڭ ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن باشلاشنى ئۆگەتتى. ئەتىگەن ئورۇندىن تۇرۇپ نامازغا تاھارەت ئېلىشقا باشلىغان چاغدىن تارتىپ، كەچتە ئۇخلاپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياستۇققا باشنى قويغان چاغقىچە ئارىلىقتىكى ئېلىپ بارغان بارلىق ئىشلارنى ئاللانىڭ مۇقەددەس ئىسمى بىلەن باشلاشنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى باشلاپ قىلدى ياكى باشقىلارغا شۇنداق قىلىشنى بۇيرۇدى. شۇ ئىشلاردىن تەكىتلەنگەنلىرىنى تۆۋەندىكى ھەدىسلەردىن بىلىۋالغايسىز.

1) ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ:

ھۇزەيفە ئىبنى يەمان ۋە ئەبى زەررىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇلار مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەگەر ئۇخلىماقچى بولۇپ كارىۋاتقا چىقسا "**ئى ئاللا، سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ھايات قالىمەن ۋە سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن جان ئۈزىمەن**"، دەيتتى"[7].

2) ئۆيدىن چىققاندا ئوقۇلىدۇ:

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ئەگەر بىراۋ ئۆيدىن سىرتقا چىقسا: 'بىسمىللا، مەن ئاللاغا تەۋەككۇل قىلدىم، بىر ئاللادىن باشقا ھېچقانداق كۈچ-قۇدرەت يوق' دېسە، 'سەن ھىدايەت تاپتىڭ، ئۆزۈڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ئىش قىلدىڭ ۋە قوغدالدىڭ، دېيىلىدۇ**"[8].

3) ئۆيگە كىرگەن چاغدا ئوقۇلىدۇ:

ئەبو مالىك ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: "ئاللانىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: "**ئەگەر بىر ئادەم ئۆيگە كىرمەكچى بولسا 'ئى ئاللا مەن سەندىن كىرىدىغان جاي ۋە كىرىدىغان ۋاقتنىڭ ياخشىسىنى تىلەيمەن. بىسمىللا، بىز كىردۇق، بىسمىللا بىز چىقتۇق، بىز پەرۋەردىگارىمىزغا تەۋەككۇل قىلدۇق، دېسۇن، ئاندىن ئۆيدىكى بالا-چاقىسىغا سالام بەرسۇن**"[9].

4 ) خالاغا كىرمەكچى بولغاندا ئوقۇلىدۇ:

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: "ئاللانىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: **"بىر ئادەم خالاغا كىرمەكچى بولسا 'بىسمىللا، دېسۇن، ئۇ جىن بىلەن ئادەم ئەۋلادى ئەۋرىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەردىدۇر** "⑩. ئاندىن خالاغا كىرمەكچى بولغاندا ئوقۇلىدىغان مەشھۇر دۇئا ئوقۇلىدۇ.

5 ) نامازغا تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: **"تاھارەتسىز كىشىنىڭ نامىزى ناماز ئەمەس، تاھارەت ئالغاندا ئاللانىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلمىغان كىشى ئۈچۈن تاھارەت يوق**"⑪.

6 ) سەھەردە ۋە كەچتە ئوقۇلىدۇ:

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: **'كىمكى 'بىسمىللا، ئاللانىڭ ئىسمى بار يەردە ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى ھەرقانداق نەرسە زىيان قىلمايدۇ، ئۇ ئاڭلاپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر' دېگەن دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا تاڭ ئاتقۇچە بالا قازا ئۇنىڭغا دۇچار بولمايدۇ. ئەتىگەندە ئۇنى يەنە ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، ھەتتا كەچ كىرگىچە بالا قازا ئۇنىڭغا دۇچار بولمايدۇ**"⑫.

7 ) ئۇلاغ مىنگەندە ۋە ماشىنا، پويىز، پاراخوت، ئايروپىلان ۋە باشقا قاتناش ئەسلىھەلىرىگە چىققاندا ئوقۇلىدۇ:

ئەلى ئىبنى رەبىئەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: **"مەن ئەلى ئىبنى بىر ئۇلاغنىڭ ئۈستىگە (رەسۇلۇللانىڭ) مىنىشى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ پۇتىنى ئۈزەڭگىگە قويغاندا 'بىسمىللا' دېدى. ئۇ ئۇلاغنىڭ ئۈستىگە مىنگەن چاغدا 'ئەلھەمدۇلىللا' دېدى. ئاندىن «قۇرئان كەرىم»دىكى 43-سۈرە «زۇخرۇف» نىڭ 13-، 14-ئايەتلىرىنىڭ** سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ وَإِنَّا إِلَىٰ رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ . **(بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر. بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدۇق) بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلاردۇرمىز) دېگەن قىسمىنى ئوقۇدى. ئاندىن ئۈچ قېتىم 'ئەلھەمدۇلىللا'، ئۈچ قېتىم 'ئاللاھۇ ئەكبەر' دېدى. ئاندىن 'مېنىڭ پەرۋەردىگارىم! سەن پاكتۇرسەن، مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم زۇلۇم قىلدىم، سەن مەن ئۈچۈن كەچۈرۈم قىل، پەقەت سەن بىر ئاللادىن باشقا ھېچىمە گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلمايدۇ' دېدى، ئاندىن كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭغا 'ئى ئەمىرۇل مۆمىنىن، سەن نېمە ئۈچۈن كۈلدۈڭ' ، دېيىلدى. ئۇ: 'مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەن قىلغاندەك قىلىپ كۈلگىنىنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭغا 'ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى، سەن نېمە ئۈچۈن كۈلىسەن؟' دېدىم. ئۇ: 'سېنىڭ پاك پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ بەندىسى باشقا بىراۋنىڭ گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەن ھالدا 'مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەن ئۈچۈن كەچۈرگىن' دېسە رازى بولىدۇ." دېدى**"⑬.

8 ) تاماق يېگەن، چاي، سۇ ئىچكەندە ۋە شۇنىڭ رولىدىكى نەرسىلەرنى يېگەن ياكى ئىچكەندىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: **'ئەگەر سىلەردىن بىراۋ تاماقلانسا، يېيىشتىن بۇرۇن ئاللانىڭ ئىسمىنى ئاتسۇن. ئۇ يېيىشتىن بۇرۇن ئاللانىڭ ئىسمىنى ئاتاشنى ئۇنتۇغان بولسا( ' تاماقلىنىشنىڭ) ئالدىدا ۋە ئاخىرىدا 'بىسمىللا' ، دېسۇن**"⑭.

9 ) ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق(جىنسى مۇناسىۋەت) قىلىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئەگەر سىلەردىن بىراۋ ئۆز ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلسا ۋە 'بىسمىللا، ئى ئاللا بىزنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن، بىزگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پەرزەنتىمىزدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن' دېسە شەيتان ئۇنىڭغا مەڭگۈ زىيان قىلمايدۇ** "⑮.

10 ) مېيىت يەرلىككە قويۇلغاندا ئوقۇلىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىبنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئەگەر مېيت يەرلىككە قويۇلسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 'بىسمىللا ھ' ۋە 'ئاللانىڭ ئەلچىسىنىڭ سۈننىتى بويىچە (يەرلىككە قويۇلدى' دەيتتى "[16].

11 )قۇربانلىق قىلىشقا ئاتالغان ماللارنى ۋە ئادەتتىكى ماللارنى بوغۇزلىغاندا ئوقۇلىدۇ:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۈڭگۈزلۈك، قارىدا ماڭىدىغان( قارا شىراقلىق) ، قارا ئىچىدىن قارايدىغان(كۆزىنىڭ ئەتراپى قارا) ، قارىدا ياتىدىغان(قورسىقى قارا) بىر قوچقارنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى، قوچقار كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئۇنى قۇربانلىق قىلدى، ئۇ 'ئى ئائىشە پىچاق ئېلىپ كەل، ئۇنى تاشقا سۈركەپ، ئىتتىك قىل' دېدى، مەن شۇنداق قىلدىم، ئۇ پىچاقنى ئالدى ۋە قوچقارنى تۇتتى، ئۇنى ياتقۇزۇپ 'بىسمىللا' ئى ئاللا مۇھەممەدتىن ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ۋە مۇھەممەدنىڭ ئۇممىتىدىن قوبۇل قىلغىن' دېگەن ھالدا بوغۇزلىدى"[17].

12 ) ئۇۋچىلىق قىلغاندا ئوقۇلىدۇ:

ئۇددى ئىبنى ھاتەمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئەگەر سەن بىر ئولجىغا قارىتىپ ئوق ئاتساڭ ۋە ئاللانىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلساڭ(يەنى 'بىسمىللا' دېسەڭ، سەن ئۇنى ئەتىسى سۇغا غەرق بولمىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە سېنىڭ ئوقۇڭدىن باشقا ئوقنىڭ ئىزىنى تاپالمىغان ھالدا تاپساڭ ئۇنى يېگىن. سەن ('بىسمىللا' دەپ) ئەۋەتكەن ئوۋ ئىتىڭغا باشقا بىر (كۆندۈرۈلمىگەن) ئىت ئەگىشىپ بىرگە (ئولجىنى) ئېلىپ كەلگەن بولسا، سەن (ئولجىنى) يېمە. سەن ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ (ئولجىنى) ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمەيسەن "[18].

**3. «قۇرئان كەرىم»دە تەۋبە سۈرىسىدىن باشقا ھەربىر سۈرىنىڭ باش قىسمىدا كەلگەن بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ توغرىسىدا**

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ نىڭ «قۇرئان كەرىم» 27-سۈرە «نەمل»دىكى بىر ئايەتنىڭ بىر بۆلۈكى بولۇپ بۇ «قۇرئان كەرىم»دە 9-سۈرە «تەۋبە»دىن باشقا سۈرىلەرنىڭ باش قىسمىدا شۇ سۈرىلەر بىلەن بىرگە ئاشۇنداق نازىل قىلىنغانمۇ ياكى كېيىن قوشۇلغانمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۆلىمالار ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلغان.

ھەنەفى مەزھەپ ئۆلىمالىرى بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ سۈرە «فاتىھە»نىڭ ۋە باشقا سۈرىلەرنىڭ باش بۆلۈكىدە شۇ سۈرە بىلەن بىرگە نازىل قىلىنمىغان، لېكىن سۈرىلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ئايەت' دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئىسپاتلارنى دەلىل قىلغان:

1 ) ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئوسمان ئىبنى ئەففانلارنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ (ئۇلارغا نامازدا ئىقتىدا قىلىپ) ناماز ئۆتىگەن. ئۇلار ناماز قىرائىتىنىڭ بېشىدىمۇ ۋە ئاخىرىدىمۇ بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ نى ئوقۇمايتتى"[19].

2 ) ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ نازىل بولغانغا قەدەر سۈرىلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىشنى بىلمەيتتى "[20].

3 ) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى 'تەكبىر' بىلەن، نامازنىڭ قىرائىتىنى 'ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىين' بىلەن باشلايتتى "[21].

4 ) ئەگەر بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ «فاتىھە»سۈرىسىنىڭ ۋە «تەۋبە» سۈرىسىدىن باشقا سۈرىلەرنىڭ باش بۆلۈكىدە ئاشۇنداق نازىل قىلىنغان ئايەت بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن توغرا، ئىسنادى سەھىھ ۋە ئىشەنچلىك راۋىيلار ئارقىلىق رىۋايەت قىلىنغان دەلىللەر بولغان بولاتتى، شۇنىڭ

بىلەن ئىختىلاپلىق مەسىلىمۇ مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى. خۇددى «نەمل» سۈرىسىدىكى بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ (30 ـ ئايەت) كە ئوخشاش، ئۆز ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم»نى توپلاپ رەتلىگەن ساھابىلەر ئۇنىڭ ئورنىنىڭ «نەمل» سۈرىسىدە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنقى يېرىمى إِنَّهُ مِنْ سُلَيْمَانَ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، ئۇنى «قۇرئان»نىڭ ئايىتى ئىكەنلىكىنى ئىشەنچلىك راۋىيلار يەنى ساھابىلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ئارقىلىق بېكىتكەن"[22].

ھەنەفى مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى كۆز قارىشىغا كەلتۈرگەن يۇقىرىقى دەلىللىرى تۆۋەندىكى يەكۈنگە ھەرگىز زىت كەلمەيدۇ. يەنى "ئۆلىماالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرى بولسا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىككى مۇقاۋىسىنىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھۇسۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ كالامىدۇر")"[23].

**4. «تەۋبە» سۈرىسىنىڭ باش قىسمىغا يېزىلماي قالغان بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ نىڭ ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبى**

«قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئۆلىمالار «تەۋبە» سۈرىسىنىڭ باش قىسمىدا بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ نىڭ يېزىلماي كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. ئۇلاردىن ئىككى خىل كۆز قاراشنى بۇ يەردە زىكرى قىلىپ ئۆتىمىز:

1) ئاللاتائالانىڭ مېھرىبان، رەھىمدىل، شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى ۋە باشقا بارلىق ئىسىملىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىسمى "الله"نىڭ زىكرى قىلىنىشى بىلەن، زىكرى قىلغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىغا تىنچلىق، خاتىرجەملىك ھېس-تۇيغۇسىنى ئاتا قىلىدۇ. «تەۋبە» سۈرىسى بولسا ئەنە شۇ تىنچ، خاتىرجەملىكنى بۇزۇپ تاشلاپ ئاللانىڭ يولىغا مېڭىشقا، ئۇ يولدا ھەر خىل خەتەرلىك ۋە تەۋەككۈلچىلىكلەرنى قىلىشقا چاقىرىق قىلىپ نازىل قىلىنغان سۈرە. يەكۈنلەپ ئېيتساق "بۇ سۈرىدە (يەنى «تەۋبە» سۈرىسىدە) بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ يېزىلمىغان، چۈنكى بۇ سۈرە تىنچلىق، خاتىرجەملىك مۇھىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئالاھىدە خەتەرلىك، كەسكىن مۇھىت ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن نازىل بولغان. ئەمما بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ بولسا خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىق بېغىشلايدۇ"[24].

2) «تەۋبە» سۈرىسىنىڭ باش قىسمىغا بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ يېزىلمىغان، چۈنكى ئاللاتائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا بۇ سۈرىنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ سىز نازىل قىلىشقا بۇيرۇغان. نۇرغۇن مۇفەسسىر ئۆلىمالار بۇ خىل پىكىرنى توغرا دەپ قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ قالدۇرغان ئەسەرلىرىدە بۇ خىل قاراشنى تەكىتلەپ، گەۋدىلەندۈرۈپ يازغان. ئۇلاردىن بىرىگە ناھايىتى تونۇش بولغان ئىمام سويۇتى مۇنداق دېگەن: "«تەۋبە» سۈرىسىنىڭ باش قىسمىدا بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ يېزىلمىغان، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنى يېزىشقا بۇيرۇق قىلىنمىغان"[25].

دېمەك، «تەۋبە» سۈرىسىنىڭ باش قىسمىدا باشقا سۈرىلەرگە ئوخشاش بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ نىڭ يېزىلماي كېلىشى پەقەت ۋەھيى بويىچە بولغان.

**5. نامازنىڭ قىرائىتىدە بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ نى ئوقۇش توغرىسىدا**

ئىككى راكەتلىك ۋە توت راكەتلىك پەرز نامازلارنىڭ ئالدىنقى ئىككى راكىتىدە سۈرە «فاتىھە» ئوقۇپ بولۇنۇشى بىلەن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بىر سۈرە ياكى ئەڭ ئاز بولغاندا «قۇرئان كەرىم»دىن ئۈچ ئايەت ئوقۇش پەرزدۇر. ھەنەفى مەزھىپى بويىچە ئېيتقاندا بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ سۈرە «فاتىھە» ۋە باشقا سۈرىلەرنىڭ باش قىسمىدا شۇ سۈرە بىلەن بىرگە نازىل قىلىنمىغان"[26]، بەلكى سۈرىلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ئايەت. شۇنىڭ ئۈچۈن بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ قىرائىتى مەخپىي ئوقۇلىدىغان نامازلاردىغۇ مەخپىي ئوقۇلىدۇ، قىرائىتى ئاشكارا ئوقۇلىدىغان نامازلاردىمۇ ئوخشاشلا مەخپىي ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭغا يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس ئىسپات

بولالايدۇ!

**6. «قۇرئان كەرىم» ئوقۇغاندا ئۇنىڭدىكى بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ نى ئوقۇش توغرىسىدا**

«قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغاندا، خالىغان ئايەتنى ئوقۇپ، خالىغان يەردە توختاۋېرىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بىراۋ «قۇرئان كەرىم» ئوقۇماقچى بولسا، تۆۋەندىكى كۆرسەتمە بويىچە ئوقۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ:

1) «تەۋبە» سۈرىسىدىن باشقا ھەربىر سۈرىنى باش قىسمىدىن باشلاپ ئوقۇغاندا، چوقۇم بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ نى ئوقۇشى كېرەك.

2) «تەۋبە» سۈرىنى باشتىن باشلاپ ئوقۇغاندا، بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ ئوقۇلمايدۇ.

3) ئەگەر بىراۋ «قۇرئان كەرىم»دىكى ھەرقانداق بىر سۈرىنى 1-ئايىتىدىن باشلاپ ئوقۇماي 2-ئايىتىدىن ياكى ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ ئوقۇسا، ئوقۇشتىن بۇرۇن أَعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ نى ئوقۇيدۇ، ئاندىن بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ نى ئوقۇسىمۇ ياكى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ، بىراق ئوقۇسا ئەۋزەل.

4) «ئەنفال» سۈرىسى بىلەن «تەۋبە» سۈرىسىدىن باشقا سۈرىلەرنى ئۇلاپ ئوقۇغاندا، تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋال بويىچە ئوقۇسا جائىز بولىدۇ:

(1) ھەممىدە توختاش يەنى بىر سۈرىنى ئوقۇپ بولۇپ توختاش، ئاندىن بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ نى ئوقۇپ بولۇپ توختاش، ئاندىن كېيىن يەنە بىر سۈرىنىڭ باش قىسمىدىن ئوقۇش.

(2) بىر سۈرىنى ئوقۇپ بولۇپ توختاش، ئاندىن بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ نى ئوقۇپ توختىماي خالىغان سۈرىنى ئوقۇش.

(3) ھەممىنى ئۇلاپ ئوقۇش يەنى بىر سۈرىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇلاپلا بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ نى ئوقۇپ يەنە ئۇلاپلا خالىغان سۈرىنى ئوقۇش. بىراق ئالدىدىكى سۈرىنىڭ ئاخىرىدا توختىماي بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ نى ئوقۇپ بولۇپ توختاپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

(4) «ئەنفال» سۈرىسى بىلەن «تەۋبە» سۈرىسىنى ئۇلاپ ئوقۇغاندا تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋال بىلەن ئوقۇش جائىز:

① «ئەنفال» سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا نەپەس ئېلىپ توختاش، ئاندىن «تەۋبە» سۈرىسىنى ئوقۇش.

② «ئەنفال» سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا نەپەس ئالماي توختاش، ئاندىن «تەۋبە» سۈرىسىنى ئوقۇش.

③ «ئەنفال» سۈرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەركىتى (تاۋۇش بەلگىسى) نى تولۇق ۋە ئېنىق تەلەپپۇز قىلىپ توختىماي «تەۋبە» سۈرىسىنى ئۇلاپ ئوقۇش.

دېمەك، بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ بولسا ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان شانلىق ئالامەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خۇددى ئالتۇنغا نۇر چۈشكەندە كۆزنى چاقنىتىپ پارقىرىغانغا ئوخشاش ھەرقانداقلىكى بىر ئادەم بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ نى ئوقۇغان چاغدا ئاڭلىغۇچىنىڭ دىللىرى يايراپ، ئوقۇغۇچىنىڭ بىر مۇسۇلمان ياكى مۇسۇلمان ئەۋلادى ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ. شۇڭا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قىلماقچى بولغان بارلىق ئىشلىرىنى بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ بىلەن باشلىشى تەبىئىي بىر ئىشتۇر. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇنلىرى شۇ تۆت سۆزدىن تەركىب تاپقان سۆز بىرىكمىسى بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان ئىشلىرىدا ئۆچمەس، شانلىق نەتىجىلەرنى قازانغان. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى بولغان مەشھۇر مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايى ئۆزىنىڭ چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى «خەمسە»نىڭ بىرىنچىسى «ھەيرەتۇل ئەبرار»نى يېزىشقا كىرىشكەندە، ئۇنىڭ مۇقەددىمىسىنى:

بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىم

رىشتىغە چەكتى نەچە دۇررى يەتىم دەپ[27] باشلىغان. بۇ مۇقەددىمەدە ئۇ بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ دىكى ھەربىر ھەرپ ۋە تاۋۇش بەلگىلىرىنى سۈپەتلەپ شەرھلىگەن. ئۇ بۇ 100 مىسرالىق مۇقەددىمىنى:

ئى خەستە نەۋايى نەۋا،
بۇيلە سەفەرغە قىلۇر ئىرسەڭ ھەۋا.
يولنىڭ يامان ياخشىسىدىن يىمە غەم،
بىسمىللا دېگىلى قويغىل قەدەم [28].

دېگەن مىسرالىرى بىلەن تاماملىغان. مانا بۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان، ھەقىقىي مۆمىنىنىڭ چىن دىلىدىن چاقناپ چىققان بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ دۇر.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① مۇھەممەت سالىھ: «قۇرئان كەرىم»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى. مىللەتلەر نەشرىياتى 1986-يىل نەشرى.

② ئابدۇل فەتتاھ سەيىد ئەجەمى: «قارىي يېتەكچىسى» (ئەرەبچە).

**ئىزاھاتلار:**

①②③ «تەپسىر بەيزاۋى» 1-جىلد 6-7-بەتلەر (ئەرەبچە).

①⑤ «تەپسىر ئىبنى كەسىر» 1-جىلد 19-20-بەتلەر (ئەرەبچە).

⑥ ئىمام ئەبى بەكرى ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئەر رازى ئەل جەساس: «قۇرئان كەرىم ئەھكاملىرى» (ئەرەبچە) 1-جىلد 18-بەت.

⑦ «سەھھۇل بۇخارى» (ئەرەبچە) 2-جىلد 934-بەت.

⑧⑨ «سۈنەنى ئەبى داۋۇد» (ئەرەبچە) 2-جىلد 339-بەت.

⑩ «ئىبنى ماجە» (ئەرەبچە) 26-بەت.

⑪ «سۈنەنى ئەبى داۋۇد» (ئەرەبچە) 1-جىلد 13-بەت.

⑫ «سۈنەنى ئەبى داۋۇد» (ئەرەبچە) 2-جىلد 338-بەت.

⑬ «جامىئى تىرمىزى» (ئەرەبچە) 2-جىلد 182-بەت.

⑪ «سۈنەنى ئەبى داۋۇد» (ئەرەبچە) 2-جىد 173-بەت.

⑮ «سەھھۇل بۇخارى» (ئەرەبچە) 2-جىلد 945-بەت.

⑯ «جامىئى تىرمىزى» (ئەرەبچە) 1-جىلد 202-بەت.

⑰ «سۈنەنى ئەبى داۋۇد» (ئەرەبچە) 2-جىد 30-بەت.

⑱ «سۈنەنى ئەبى داۋۇد» (ئەرەبچە) 2-جىلد 37-بەت.

⑲⑳㉑ «سۈنەنى ئەبى داۋۇد» (ئەرەبچە) 1-جىلد 114-115-بەتلەر.

㉒ ئىمام ئەبى بەكرى ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئەر رازى ئەل جەساس: «قۇرئان كەرىم ئەھكاملىرى» (ئەرەبچە) 1-جىلد 10-بەت.

㉓ «تەفسىر بەيزاۋى» (ئەرەبچە) 1-جىلد 5-بەت.

㉑ «تەفسىر بەيزاۋى» (ئەرەبچە) 2-جىلد 394-بەت.

㉕ «تەفسىر جالالەينى» (ئەرەبچە) 247-بەت.

㉖ دوكتۇر تۆھبىيە تەرھىلى: «ئىسلام فىھىسى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرى» (ئەرەبچە) 1-جىد 646-بەت.

㉗ ئەلشىر ناۋايى: «ھەيرەتۇل ئەبرار»، 1-بەت. شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991-يىل نەشرى.

㉘ ئەلشىر ناۋايى: «ھەيراتۇل ئەبرار»، 8-بەت، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991-يىل نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى،
تەھرىرلىگۈچى: مۆھتەرەم ھاجى، شەمشىدىن ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جازانىخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا

◇ تۇرسۇننىياز ئاۋۇت

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

بىزنىڭ بۈيۈك ئىسلام دىنىمىز ئىنسانلارنى ئاللانىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئازابىدىن ساقلىنىپ قېلىش ۋە بەخت-سائادەتتىن، يەنى جەننەتتىن ئىبارەت ئالىي ئىنئامدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن، ھالال يەپ-ھالال ئىچىشكە بۇيرۇپ، باشقىلارنى قاقتى-سوقتى قىلىپ جازانىخورلۇق قىلىشتىن توسىدۇ.

يېقىنقى بىرنەچچە يىللاردىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، بولۇپمۇ نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز تەرەققىياتقا يۈزلىنىپ، تۈرلۈك سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللانماقتا. كىچىكتىن چوڭغىچە، ياشتىن قېرىغىچە بىر تۈركۈم ئادەملەر سودا-سېتىق ئىشلىرىنى راۋان ئېلىپ كېتىۋاتقان ھەم بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىنتىلىۋاتقان مانا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشى تازا دېگەندەك ياخشى بولمىغاچقا، ئۇلار ساختا مال ئىشلەپچىقىرىش، يالغان-ياۋىداق سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنى ئالداش، جازانىخورلۇق قىلىش ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك يامان ئىشلارنى سادىر قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئىسلام دىنىمىزنىڭ قانۇن-پرىنسىپلىرىغا زىت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيىتىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ چوڭ زىيانلىق. ئاللاتائالا ئىنسانلارنى ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھالال يېيىش، ساختىپەزلىك قىلماي راستچىل بولۇشقا بۇيرۇپ، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: **"جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللا ھارام قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ: 'سودا-سېتىق جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟) دېدى. ئاللا سودا-سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى. كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز-نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن) يانسا بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاغا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى ئاللا خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ). قايتا جازانە قىلغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 275-ئايەت).

دېمەك، جازانىخورلۇق، ساختىپەزلىك قىلىپ كىشىلەرنى ئالداپ، كۆز بويامچىلىق قىلىپ تاپقان پۇل-مال دەرماللىقچە قولدا كۆپ كۆرۈنگەن بىلەن، ئاخىردا ئۇنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر بۇ دۇنيادا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرايدۇ، ئاخىرەتتە ئاللا ئۇنداق ئادەمگە قاراپمۇ قويمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"جازانىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بىر تەڭگە مىقدارى جازانە يېگەن ئادەمنىڭ گۇناھى ئوتتۇز ئالتە قېتىم زىنا قىلغانىنىڭ گۇناھىدىن ئېغىرراقتۇر"** (بۇ ئەھمەد، دارۇقۇتنىي ۋە بەيھەقى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان). ئىسلام قانۇنىمىزدا، ئېرى يوق، خوتۇنى يوق، ھەم نىكاھلانمىغان ئادەمنىڭ زىنا قىلغانلىقى گۇۋاھچىلار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بولسا، گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن، ھەربىرىنى يۈز دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئېرى بار، ئايالى بار كىشىلەرنىڭ زىنا قىلغانلىقى گۇۋاھچىلار ئارقىلىق ئىسپاتلانسا، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن چاما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. بىر قېتىم زىنا قىلغان ئادەمنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن يۇقىرىقى ھۆكۈملەر يۈرگۈزۈلسە، بىر دەرھەم مىقدارى يەنى بىر تەڭگە مىقدارى جازانىنىڭ بەدىلىگە ئوتتۇز ئالتە قېتىم زىنا قىلغانىنىڭ جازاسىنى قانداق كۆتۈرۈپ بولالايدۇ؟ يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام **"جازانىنى يېگۈچىگە، يېگۈزگۈچىگە، يېزىپ بەرگۈچىگە، گۇۋاھ بولغۇچىغا لەنەت قىلغان ھەم ئۇلارنىڭ گۇناھى ئوخشاش بولىدۇ دېگەن"** (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى). بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇكى، ھەربىر ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنى جازانىگە يولۇقتۇرماسلىقى، ئاندىن باشقىلارنىمۇ جازانىخورلۇق قىلىپ قېلىشتىن توسۇپ قېلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا، ھەممىسىگە ئوخشاشلا گۇناھ ئارتىلىپ قالىدۇ. ئويلىنىش كېرەككى، ئاللاتائالا سودا-سېتىقنى

ھالال قىلدى، جازانىنى بەدەلسىز بولغانلىقى ھەم ساختىپەزلىك ۋە جازانخورلۇق قىلغاندا ئالداش ۋە ئالدىنىش يۈز بېرىپ، ئىنسانلارنىڭ مال-مۈلكى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن ھارام قىلدى، ھەم بۇنىڭغا ئاخىرەتتە ئازابىنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ دۇنيادا يەۋالدىم-ئىچىۋالدىم دېگەن بىلەن، ئاخىرەتتە جاۋابىنى بېرىش ئاسان ئەمەس، بەزى ئادەملەرگە جازانخورلۇق قىلماسلىق، ئالدامچىلىق قىلماسلىق، ھالال يەپ-ھالال ئىچىش توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىلسە، ئۇيالماستىن مەن ھارام يېسەم ئۇبدان سىڭىدۇ، ھالال يەپ قالسام پايدا تەگمەيدۇ، شۇڭا ئازراق يالغان سۆز قىلىپ قويىمساق، خېرىدارنىڭ ئاغزى ھەر قىسمى، ئاغزىغا كەلگىنىنى دەپ، پاچاق سالىدۇ، دەيدۇ. ئۇيلاپ باقمايدۇكى، بىز مانا مۇشۇنداق ئالداش ۋە ئالدىنىش بىلەن ياۋاشلارنى بوزەك ئېتىپ، ساختىپەزلىك، جازانخورلۇق بىلەن ئۆمۈرنى ئۆتكۈزسەك، بىزنىڭ باللىرىمىز بىزدىن نېمىنى ئۆگىنىدۇ؟ قايسى تىجارىتىمىزنى قىلىدۇ؟ ھازىر دىيارىمىزدا پۇلنى تۇتالىغۇدەك بولغان بىرمۇنچە ئۇششاق باللار سودا ئىشىغا پىشىپ كەتتى. ئۇلار خۇددى ساختىپەز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىزىلا بولۇپ يېتىلىپ چىقىۋاتىدۇ. ئۇلارغا ھالال يەپ-ئىچىش، ساختىپەزلىك قىلماسلىق توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىلمىگەندە، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىمىزغا جۇملىدىن جەمئىيىتىمىزگە قانچىلىك ھاقارەتلەرنى ئېلىپ كېلىشىنى تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدۇ. مانا بۇ— جازانخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى.

بىز ئىسلام دىنىمىزنى سۆيۈپ، خەلقنى سۆيۈپ، خەلقىمىزگە بەخت يارىتىپ، بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تەرەققىياتقا يۈزلىنىمىز دەيدىكەنمىز، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز لازىم. مېھرىبان ئاللادىن ھەربىر ئىنساننىڭ دىلىنى ئىسلام دىنىغا مايىل قىلىپ، ئۇلارنى ھالال يەپ-ھالال ئىچىش، جازانخورلۇق قىلماسلىق يولىغا سېلىپ، ئاخىردا ئۈز رەھمىتىگە ئېرىشتۈرۈشنى تىلەيمەن. ئاللا ھەممىمىزنى تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن، ئامىن!

**(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)**

# تىلەمچىلىك ۋە سەدىقە بېرىش ھەققىدە

**◇ سابىت قارىي سەمەت**

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

قىيىنچىلىققا يولۇققانلارنى ۋە ئاجىز-مىيىپلارنى يولۇقتۇرغاندا، ئۇلارغا ياردەم ۋە سەدىقە بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىش بىر خىل ئالىيجاناب ئىنسانىي خىسلەت، ئۇ ئىسلام دىنىدىمۇ ساۋابلىق ياخشى ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. لېكىن جەمئىيىتىمىزدە ئاز ساندىكى تېنى ساق، ئەقلى ھوشى جايىدا بولغان ياش تىلەمچىلەر ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ شۇ خىل ئالىيجاناب ئىنسانىي خىسلىتىدىن پايدىلىنىپ، تىلەمچىلىك قىلىشتەك ئىشلەمەي چىشلەيدىغان ئاسان كەسىپنى تاللىۋالغان. بىر قىسىم ئۇيغۇر خەلقىمىز بۇ مەسىلىنى تونۇپ يەتمىگەنلىكتىن، "سائىل ئات مىنىپ تىلەمچىلىك قىلسىمۇ ياندۇرمىسا بولغۇدەك" دېگەن خاتا كۆز قاراش بىلەن، بۇنداق كەسپىي قەلەندەرلەرنى تەمىنلەپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ. ئۇنداق بولسا، بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

سەدىقە بېرىش جەمئىيەت پاراۋانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بولۇپ، بايلار كەمبەغەللەرنى يۆلەش ئارقىلىق باراۋەرلىك ۋە ئىناق-ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىزنىڭ بەرگەن سەدىقىمىز بۇ خىل مەقسەت ئۈچۈن بېرىلمىسە، كەمبەغەللىك ۋە تىلەمچىلىكنى تۈگىتىش تۈگۈل قەلەندەرلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ-دە، ئۇ ھەرگىزمۇ قوبۇل بولمايدۇ، بەلكى گۇناھ بولىدۇ. سەدىقىنى قانداق تىلەمچىگە بېرىش مەسىلىسى ھەققىدە ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قەبىيسە تەبنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇخارىقىل ھىلالىيىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسىدە يول كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: **"تىلەمچىلىك قىلىش ئۈچ خىل ئادەمنىڭ بىرسىدىن باشقىسىغا ھالال بولمايدۇ. بىر ئادەم باشقىلار تەرىپىدىن قەرز ياكى تۆلەمگە قالغان بولسا، ئۇنىڭ شۇ قەرزىگە يەتكەنگەقەدەر تىلەمچىلىك قىلىشى ھالال بولىدۇ، ئاندىن توختاپ قالىدۇ. ۋە يەنە بىر ئادەم ئاسماندىن (چاقماق، يامغۇر، بوران قاتارلىقلاردىن) يەر-زېمىندىن (سۇ، ئوت قاتارلىقلاردىن) مېلىغا ئاپەت يېتىپ، مېلى ھالاك بولغان بولسا، تۇرمۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغۇچىلىك تىلەمچىلىك قىلسا ھالال بولىدۇ. ۋە يەنە بىرسى نامراتلىق يەتكەن ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز قەۋمىدىن راستچىل، ئەقىللىق ئۈچ ئادەم پالانىغا ھەقىقەتەن نامراتلىق يەتتى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاندىن ئۇ تۇرمۇشىنى قامداشقا يەتكۈدەك تىلەمچىلىك قىلسا ھالال بولىدۇ. بۇلاردىن باشقىسى -ئى قەبىيسە! -تىلەمچىلىك قىلسا قاتتىق ھارامدۇر، ئۇنىڭ ئىگىسى ئۇنى ھارام ھالەتتە يەيدۇ"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ روھىدىن قارىغاندا، كوچىدا ئۇچرىغانلىكى تىلەمچىگە ئىنقىلماي تۇرۇپ قالايمىقان سەدىقە بېرىش توغرا ئەمەس. شۇنداقلا ئۈچ خىل ئادەمنىڭ بىرسىگە كىرمىگەن ئادەمنىڭ تىلەمچىلىك قىلىشى ھارام. سەدىقە بەرگۈچى بولسا، قالايمىقان سەدىقە بېرىش ئارقىلىق ھارامنى يۇدۇغۇچى بولىدۇ. بولۇپمۇ تېنى ساق، تىمەن تىلەمچىلەر ھەققىدە، ئابدۇللا ئىبنى ئەدىيىبنى خىيار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام **"ئىككى ئادەم ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىگە سەدىقە بېرىشنى سورىغاندا، رەسۇلۇللا ئۇ ئىككىسىگە سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئىككىسىنىڭ تېنى ساق، تىمەن تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئەگەر خالىساڭلار ئىككىڭلارغا سەدىقە بېرەي، بىراق سەدىقىدە باينىڭ ۋە ئەمگەك قىلالايدىغان كۈچى بارلارنىڭ نېسىۋىسى يوق"** دېگەن (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى بۇ ھەدىسنى "كۈچلۈك" دېگەن).

يۇقىرىقى ھەدىستىنمۇ كۈچى بار، ئىشلىسە ئىشلەپ نان تېپىپ يېيەلەيدىغان تۇرۇقلۇق، ئايىغى بىلەن يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلغانلارغا سەدىقە دۇرۇس ئەمەسلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. تېنى ساق تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىش ئىنتايىن نومۇسلۇق ئىش. لېكىن نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، كىشىلەر ئالدىغا يۈزىنى قېلىن قىلىپ بېرىش، بىرنەرسە سوراش ئاسان ئەمەس. شۇڭا مۇشۇ خىجىللىقنى بۆسۈپ ئۆتۈپ تىلەمچىلىك قىلغان قېلىن يۈز ئادەم ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە **"كىشى تىلەمچىلىك قىلىۋەرسە، قىيامەت كۈنى يۈزىدە گۆش دىدارى بولمىغان ھالەتتە ھازىر بولىدۇ"** دەپ كۆرسەتكەن (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ نومۇس قىلماي يۈزى يوقلۇق قىلىپ تىلەپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن سائىللارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلەمچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئىككى قولىغا تايىنىپ ئەمگەك قىلىپ جان بېقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە **"سىلەرنىڭ بىرىڭلار، ئارغامچىسىنى ئېلىپ بېرىپ ئوتۇن تېرىپ كېلىپ، (سېتىپ) جان باقسا، مەيلى بەرسۇن، مەيلى بەرمىسۇن، بۇ، كىشىلەردىن تىلەمچىلىك قىلىپ جان باققاندىن كۆپ ياخشى"** دېگەن.

بىز يۇقىرىدىكى ھەدىسلەردىن ئىشلەپ يېگەن ئادەم بىلەن، تىلەپ يېگەن ئادەمنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ نامراتلىققا قارشى تۇرۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىپ، باشقىلاردىن ئېلىشنى ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا بېرىشنى قولىغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئالىي روھقا ئىگە ئۇلۇغۋار دىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مۇشۇ مەزمۇندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى سەدىقە بېرىش ئۆلچىمىگە توشقان پېقىر-مىسكىنلەر بولماستىن، بەلكى ئاسان جان بېقىش يولىغا كىرىۋالغان كەسپىي تىلەمچىلەردۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشەنچە بېرىپ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان ھەدىستە **"بىر-ئىككى خورما ۋە بىر-ئىككى لوقما بېرىلىش بىلەن تەلىپى ئورۇندىلىدىغان ئادەم مىسكىن ئەمەس، ھەقىقىي مىسكىن دېگەن تىلەمچىلىكتىن ئۆزىنى تارتىدۇ، خالىساڭلار ئاللاتائالانىڭ مۇنداق سۆزىنى ئوقۇڭلار: 'ئۇلار كىشىلەردىن بېزەڭلىك قىلىپ تىلىمەيدۇ...'"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

شۇڭا، ھەربىر مۇسۇلمان قېرىنداش بۇ خىل تىلەمچىلەرنى كۆرگەندە ئۇلارغا چىرايلىقچە تەربىيە بېرىپ،

ئۇلارنى تىلەمچىلىكتىن ياندۇرۇشى، مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇلارنى بۇ ئىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدۈرۈپ، ئۆزىنى ئۆزى بېقىشقا باشلىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، تىلەمچىنىڭ سانى كۆنسايىن ئېشىپ، ھۇرۇن، تىرىكتاپ كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ شەنىگە، جەمئىيەت تەرتىپىگە يامان تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلامنىڭ ھۆرمـــىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان پارازىت قۇرتلارغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتىمۇ ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم تەلۋى تىلەمچىلەر، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر "سەدىقە" دەپ بەرگەن پاكىز پۇللارنى ئىـــشلـــىتىپ، رېستورانلاردا ئېسىل غىزالىنىدىغان، شەھۋانىي ھەۋەسلىرىنى قاندۇرىدىغان، بۇزۇقچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئىسلام دىنى بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارنى قىلمايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. سەدىقە ئاجىز مۇسۇلمانلارغا خاستۇر. بۇ جەھەتتىمۇ يۇقىرىقىدەك كىشىلەرنى مۇسۇلمان دەپ كېتىش قىيىن. ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدا دەۋاتقان "خۇدا رەھمەت قىلار خوجام، ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلار خوجام، مەندەك بىچارىگە ئىچلىرى ئاغرىسۇن"، "خۇدا رەھمىتى، سېخىي جەننىتى" دېگەندەك قايغۇلۇق بىر قاتار قوشاقلىرى، بىچارە بولۇۋېلىشلىرى كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئېرىتىش ۋە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان ئۇنۇملۇك ۋاستىدۇر. بىرمۇنچە كىشىلەر بولسا، بۇ خىل ۋاستىلەرگە گول بولۇپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئاز ـ تولا بىرنەرسە بېرىپ، "ئاللا يولىدا سەدىقە بەردىم، ياخشى ئىش قىلدىم" دەپ ئويلايدۇ، ئەكسىنچە، ئۇنىڭ نېمىگە پايدىسى بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ، يەنە كېلىپ خوتۇن ـ بالىلىرى، قېرىنداشلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئارىسىدا قىيىنچىلىقى بارلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن سەدىقە بېرىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئانچە مۇھىم دەپ بىلمەيدۇ. شۇڭا ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تونۇشىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ئاز ساندىكى ھەقىقىي قىيىنچىلىقى بار مېيىپ ـ ئاجىزلارغا كۆڭۈل بۆلگەندىن باشقا، تېنى ساغلام كەسپىي قەلەندەرلەرگە نەپرەت بىلەن قارىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، بىزنىڭ سەدىقىلىرىمىز كەمبەغەل ـ يوقسۇللارنىڭ سانىنى ئازلاتمايدۇ، بەلكى ئەكسى تەسىر بېرىپ، ھۇرۇن، تىرىكتاپ، ياسالما تىلەمچى سائىللارنىڭ سانىنى كۆپەيتىدۇ، خالاس. ئاللاتائالا ئەڭ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

**(ئاپتور: قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىدىن)**

# قۇربانلىق قىلىش ھەققىدە قىسقىچە بايان

**ئابدۇراخمان ئىسمائىل**

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

ئاللاتائالا «قۇربان كەرىم»دە: **"پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن"** دەپ مۇسۇلمانلارنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇغان. (108 ـ سۈرە «كەۋسەر»، 2 ـ ئايەت). شەرىئەتتە، ئادەتتىكى تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ ئىقتىسادىي مۇئەييەن چەككە (تەخمىنەن 6000 يۈەنگە) يەتكەن كىشىنىڭ قۇربانلىق قىلىشى ۋاجىپ. ئىقتىسادىي يۇقىرىقى چەككە يەتمىگەن كىشى قۇربانلىق قىلمىسا گۇناھكار بولمايدۇ، قىلسا كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. "قۇربان" سۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى "يېقىنلاشماق" دېگەنلىك بولىدۇ، ئىسلام دىنىدىكى ئىستىلا مەنىسى "ھىجرىيە بويىچە زۇلھەججە (12 ـ ئاي)نىڭ 10 ـ كۈنى چارۋا ئۆلتۈرۈش ئىبادىتى ئارقىلىق ئاللاغا يېقىنلىشىش" دېگەنلىك بولىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ مەلۇم بىر ئارقا كۆرۈنۈشى بار.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشتا تولىمۇ كەسكىن، پىداكارانە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ روھى ئاللاغا ياراپ ئۇنى "خەلىلىم" (يېقىن دوستۇم) دەپ ئاتىغان. بۇتپەرەسلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا: "سەن بىزگە بولغان دەۋىتىڭنى توختىتىپ، ئۆزۈڭمۇ ئىمانىڭدىن يانمىساڭ بىز سېنى كۆيدۈرۈپ تاشلايمىز، ئىمانغا تۇرامسەن، جانغىمۇ؟" دەپ تەھدىت سالغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىماندىن

www.uyghurkitap.com



قىلچىمۇ تەۋرەنمىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللاتائالاغا بولغان ھەقىقىي پىداكارلىق روھىنى نامايان قىلىپ، ئاللاتائالا ئالدىدا چوڭ بىر سىناقتىن ئۆتكەچكە بۇتپەرەسلەر ئۇنى ئوتقا تاشلىغان بولسىمۇ ئاللاتائالا ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرمەي قۇتقۇزۇپ قالغان (سۈرە «ئەنبىيا»نىڭ 50-ئايىتىدىن 70-ئايىتىگىچە پايدىلىنىڭ). ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ياشىنىپ قالغان ئايالى سارەدىن بالا يۈزى كۆرمەي، ئاللاتائالادىن: **"رەببىم، ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت بەرگىن"** (37-سۈرە «سافات»، 100-ئايەت) دەپ تىلىگەندىن كېيىن ئاللا ئۇنىڭغا ھەجەر دېگەن ئايالدىن بىر پەرزەنت بەرگەن. بۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ياشانغاندا كۆرگەن بۇ پەرزەنتىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئىشقا يارىغۇدەك چوڭ بولغاندا ئاللاتائالا **"بۇ بالاڭنى قۇربانلىق قىلغىن"** دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا مەسلىھەت سالغاندا ئوغلى: **"ئى ئاتا! ئاللا بۇيرۇغانىكەن، مەن بۇنىڭغا نېمە دەيتتىم. ئاللانىڭ ئەمرىگە مەن رازى"** دېگەن. ئۇ قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ يېتىپ، ئاتىسىنىڭ بوغۇزلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىلچە ئىككىلەنمەستىن پىچاقنى سالغاندا، پىچاق كەسمىگەن، قايتا-قايتا سۈرسىمۇ پىچاق زادى ئۆتمىگەن. دېمەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ يەنە بىر چوڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن. دەل بۇ چاغدا ئاللا جەننەتتىن بىر چوڭ قوچقار ئەۋەتىپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇغان. (بۇ ۋەقەلىكلەر 37-سۈرە «سافات»، 101-ئايەتتىن 108-ئايەتكىچە بايان قىلىنغان). ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاتائالا بىزلەرگىمۇ 108-سۈرە «كەۋسەر»نىڭ ئىككىنچى ئايىتى ئارقىلىق قۇربانلىق قىلىشنى بۇيرۇغان.

قۇربانلىق قىلىشتا چوڭ چارۋا (كالا، تۆگە) بولسا ئىككى ياشقا توشقان بولۇشى، ساغلام بولۇشى شەرت، بۇلار قۇربانلىق قىلىنسا بىردىن يەتتىگىچە كىشىنىڭ قۇربانلىق ئىبادىتى ئادا بولىدۇ، لېكىن يەتتە كىشىنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ھەمدە ئۇلار قۇربانلىق ئارقىلىق ئاللاتائالاغا يېقىنلىشىشنى نىيەت قىلىشى شەرت، يەتتە كىشىنىڭ بىرسى كاپىر بولسا ياكى پەقەت گۆش يېيىشنىلا مەقسەت قىلسا، يەتتە كىشىنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇربانلىق ئىبادىتى بىكار بولىدۇ. قوي، ئۆچكىنىڭ ئەركەك-چىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ساغلام بولغانلىرى بىرسى بىر كىشىگە دۇرۇس بولىدۇ. مال بەك ئورۇق، بىر پۇتى ياكى بىر كۆزى، قۇلىقىنىڭ ئۈچتىن بىردىن كۆپرەكى ناكا بولسا قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

ئادەتتە مال قۇربانلىق قىلىش كىچىك ئىشتەك قىلسىمۇ لېكىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان ئۇلۇغ، ساۋاب ئىش. شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاتائالاغا بولغان پىداكارلىق روھىنىڭ روشەن ئىپادىسى. مۇسۇلمانلار ئاللاتائالانىڭ ئەمرىنى ئىجرا ئىلىشتا ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا، ھەتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك قاتتىق سىناقلارغا دۈچ كېلىپ تۇرىدۇ. دەل مۇشۇنداق پەيتتە قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئاللاتائالانىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلىگەن كىشى، ۋاقتى كەلگەندە جېنىدىن، مېلىدىن كېچەلەيدىغان، ھەتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك ئۆزىنىڭ ئامراق بالىسىنى قۇربانلىق قىلىشتىن يانمايدىغان پىداكارلىق روھىنى ھازىرلىيالىغان كىشى ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق روھىنى يېتىلدۈرەلىگەن بولىدۇ.

ئى ئاللا! بىزگە ھەقىقىي مۇسۇلمانلارغا خاس تەۋرەنمەس روھ، ئىرادە ئاتا قىلغىن، ئامىن!

**(ئاپتۇر: مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا 18-كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى.)**

## مۇھىم تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىللىق 4-سانىدىكى مۇقاۋىنىڭ 2-بېتىدىكى "ئىسمائىل ئەھمەد ماراكەش دۆلەت رەھبىرى سالاھىيىتىدە كۈتۈۋېلىندى" دېگەن جۈملىنى "ئىسمائىل ئەھمەد ماراكەشتە دۆلەت رەھبىرىي سالاھىيىتىدە كۈتۈۋېلىندى" دەپ؛ 6-بەت يۇقىرىدىن 2-قۇردىكى "مىلەت"نى "مىللەت" دەپ؛ يۇقىرىدىن 9-قۇردىكى "يولغا قويۇشتىن"نى "يولغا قويۇش" دەپ؛ 33-بەت 1-ستون يۇقىرىدىن 19-قۇردىكى "ئىسلاملار"نى "ئىسىملار" دەپ، 2-ستون يۇقىرىدىن 5-قۇردىكى "سۈننەن"نى "سۈننەت" دەپ؛ تۆۋەندىن 3-قۇردىكى "يېرۇشالىمدىكى"نى "يېرۇسالىمدىكى" دەپ؛ 52-بەت 2-ستون تۆۋەندىن 3-قۇردىكى "ھەربىر ئايال"نى "ھەربىر ئەر-ئايال" دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشلارنى سورايمىز.

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇرچە تەھرىر بۆلۈمى**

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج خىزمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا زىيارەتتە بولدى

مۇستافا ياڭ جىبو

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتى ھەج ئىشلىرى ۋازارىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ھەج خىزمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 1999-يىل 11-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىدا خىزمەت زىيارىتىدە بولدى. زىيارەت داۋامىدا، ۋەكىللەر ئۆمىكى 2000-يىللىق ھەج ئىشلىرى توغرىسىدا سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە سۆھبەت خاتىرىسى ئىمزالاشتى. ۋەكىللەر ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مەزگىلدە يەنە ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنى زىيارەت قىلىپ، بانكا باشلىقى ئەھمەد مۇھەممەد ئەلى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلار بىلەن مەملىكىتىمىزدە مىللىي ئۇمىد باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇشقا ياردەم قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە كېڭەش ئېلىپ باردى.

11-ئاينىڭ 21-كۈنى، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ئىشلىرى ۋەزىرى ئەياد ئىبنى ئەھمەد مەدەنى جىددە مۇبارەك شەھىرىدە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى. سۆھبەت داۋامىدا، ۋەزىر مەدەنى جۇڭگو-سەئۇدى ئىككى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان زىيارىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى يۇكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىدى ۋە بۇ زىيارەت مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىككى دۆلەت دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرىدۇ، دېدى. كۆرۈشۈش ۋاقتىدا، مۇئاۋىن رەئىس ۋەن ياۋبىن جۇڭگو دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېننىڭ ۋەزىرگە يوللىغان سالىمىنى ۋە ۋەزىرنى مۇۋاپىق پەيتتە جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى يەتكۈزدى. ۋەزىر مەدەنى بۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتتى ۋە تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ جىددە مۇبارەكتە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئەلى لى جىنرىن كۆرۈشۈش ۋاقتىدا بىللە بولدى.

كۆرۈشۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ماشىنا بىلەن مەككەمۇكەررەمە شەھىرىگە بېرىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتىنىڭ نائىب ئەمەلدارى ھاتىم بىلەن خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. سەئۇدى ئەرەبىستانى تەرەپتىن مەككەمۇكەررەمە، مەدىنەمۇنەۋۋەررە شەھەرلىرىنىڭ ھەج ئىشلىرى ئىدارىسى مەسئۇللىرى، قاتناش-نەقلىيات ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى قاتارلىقلار سۆھبەتكە قاتناشتى. مەملىكىتىمىزنىڭ جىددە مۇبارەك شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئەلى لى جىنرىنمۇ سۆھبەتتە بىللە بولدى.

سۆھبەت داۋامىدا، مۇئاۋىن رەئىس ۋەن ياۋبىن پادىشاھ فەھد ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ھەج ئىشلىرى ۋازارىتىنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى جۇڭگو مۇھاجىلىرىنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىگەن نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلىرىگە تەشەككۇر ئېيتتى. ئۇ، سەئۇدى ھۆكۈمىتىگە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2000-يىللىق ھەج خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا دائىر ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇردى. نائىب ئەمەلدار ھاتىم ھەج ئىشلىرى ۋازارىتىگە ۋاكالىتەن، سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقانداق تەشكىلات، گۇرۇھ ۋە شەخسلەرنىڭ ھەج پائالىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەرقانداق سىياسىي خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قەتئىي يول قويمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى. سۆھبەت داۋامىدا ئۇ، سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەنئى قىلىش بۇيرۇقى بويىچە، "شەرقىي تۈركىستان" مىللىي بۆلگۈنچىلىرىنىڭ ھەج تاۋاپ مەۋسۇمىدە شۇغۇللىنىش ئېھتىمالى بولغان سىياسىي پائالىيەتلىرىنى قاتتىق تىزگىنلەشكە ۋەدە بەردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەيۋەن ھەج تاۋاپ ئۆمىكىنىڭ نامى مەسىلىسىنى توغرا بىر ياقلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز يەنە ھەج تاۋاپ پائالىيىتىگە دائىر كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە سەئۇدى تەرەپ بىلەن كېڭەشتى. پىكىر ئالماشتۇردى ۋە سۆھبەت خاتىرىسى ئىمزالاشتى.

www.uyghurkitap.com

ئىسلام ئەللىرى مەجلىسى تەشكىلاتىنىڭ قارمىقىدىكى ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن ئىزچىل دوستانە-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلدى، بۇ بانكىنىڭ ھازىرغىچە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ھەقسىز ئىئانە قىلغان ياردىمى 6 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مەزگىلدە، بۇ بانكىنى ئالايىتەن زىيارەت قىلدى ھەمدە ئالاھىدە ياردەم قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى سۇلايمان ئەپەندى بىلەن، ئىسلام بانكىسىنىڭ جۇڭگودىكى ياردەم تۈرلىرىگە ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتى. 11-ئاينىڭ 23-كۈنى ئىسلام بانكىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەد ئەلى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، سەممىي، دوستانە سۆھبەتلەشتى. مۇئاۋىن رەئىس ۋەن ياۋبىن ئالدى بىلەن ئىسلام بانكىسىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بەرگەن ھەقسىز ياردىمىگە قارىتا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن تەشەككۈر ئېيتتى؛ شۇنداقلا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياستىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، ئىسلام بانكىسىنىڭ جۇڭگونىڭ مۇسۇلمانلار رايونىدا مىللىي ئۇمۇمىي باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇشقا ئالاھىدە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى. بانكا باشلىقى مۇھەممەد ئەلى ئىسلام بانكىسىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مائارىپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەت بولىدىغانلىقىنى ھەمدە بۇنى داۋاملىق تۈردە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇ يەنە، جۇڭگودا ئۆتكەن يىل كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلارغا ياردەم بېرىش تۈرلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

## مەملىكىتىمىز قارىيسى خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلاندى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تاللاپ ئەۋەتكەن چىڭخەيلىك قارىي ما چۈەنچىڭ 1999-يىل 12-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 2000-يىل 1-ئاينىڭ 4-كۈنىگىچە مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلگەن 7-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىدە، غەيرىي ئەرەب ئەللىرى گۇرۇپپىسىدا ئۈچىنچىلىكنى ئالدى، مىسىرنىڭ زۇڭتۇڭى مۇبارەك شەخسەن ئۆزى ئۇنىڭغا مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىك گۇۋاھنامىسى بەردى. ما چۈەنچىڭ يەنە 6000 جۇنەيھى(ئالاھەزەل 2000 ئامېرىكا دوللىرى) مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى، بۇ جۇڭگو قارىيسىنىڭ خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىدە تۇنجى قېتىم نام دەرىجىگە ئېرىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى ما ۋېنمىڭ قارىي(شىنجاڭلىق) ۋە شەنشىلىك قارىيە كۇڭ لىڭجۈەنلەر 1999-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە مالايسىيەنىڭ پايتەختى كولالامپۇردا ئۆتكۈزۈلگەن 41-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى؛ شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى شەمشىدىن مەھمۇد 1999-يىل 12-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ دۇبەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، بۇ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئۆتكۈزگەن قىرائەت مۇسابىقىسىگە جۇڭگو قارىيسىنىڭ تۇنجى قېتىم قاتنىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. **(مۇسا)**

## جۇڭگونىڭ مىسىردا ئوقۇۋاتقان تالىپلىرى مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا ئەلا بولدى

ئەزھەر دارىلفۇنۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرلۇق بۆلۈمىنىڭ 1998–1999-يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا، جۇڭگولۇق تالىپلار ئەلا نەتىجە قازاندى. شىنجاڭلىق ئۇيغۇر تالىپ قەييۇمجان ئىزىز ئومۇمىي ئىمتىھان نەتىجىسى بويىچە بىرىنچى بولدى، خېبېيلىق خۇيزۇ تالىپ خۇي خۇڭفېڭ يەتتىنچى، خېنەنلىك خۇيزۇ تالىپ ۋاڭ جىنيا ئونىنچى بولدى. بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا دۇنيا بويىچە 90 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن 700دىن ئارتۇق تالىپ، جۈملىدىن ئەزھەرنىڭ پۈتۈن دارىلفۇنۇنلىرى سىستېمىسى(قاھىرە ۋە ئىسكەندىرىيىدىكى دارىلفۇنۇنلار)نىڭ تالىپلىرى قاتناشقانىدى.

قىلىنغان كۇرسانتلار 70 نەپەر بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى تۆت ئاي، بۇ جەرياندا كۇرسانتلار ئىسلام ئاساسىي بىلىملىرى، ئىلمى تەجۋىد، فىقھە، ئەرەب تىلى ۋە مەلۇم مىقداردا سىياسەت، قانۇن دەرسلىرىدىن بىلىم ئالدۇ. كۇرس 2000-يىل 3-ئايدا ئاخىرلىشىدۇ.
**(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)**

## قاغىلىق ناھىيىسىدە غەسساللەر كۇرسى ئېچىلدى

قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئارزۇ-تەلىپىگە ئاساسەن 1999-يىل 10-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە ئايال مېيىت يۇغۇچىلار (غەسساللەر) كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا ناھىيىگە قاراشلىق ھەرقايسى يېزا (بازار)دىن 60 ئايال خالىس قاتناشتى، بۇ ياش، ئوتتۇرا ياش ئاياللار ئۆز يېرىدە دائىم ئولتۇرۇشلۇق، مەلۇم دىنىي بىلىمى بولغان، ئايال مېيىت يۇيۇشنى چىن دىلىدىن ئۆگەنمەكچى بولغان ھۆرمەتكە سازاۋەر، مۆتىۋەر، مۇنەۋۋەر ئاياللار بولۇپ، ئۇلار ئۈچ كۈن دەرس ئاڭلاش، سوئال سوراپ بىلىۋېلىش، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئەمەلىي مەشىق ئارقىلىق غەسساللىق بىلىملىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. كۇرس ئاخىرىدا ئىمتىھان ئېلىنىپ خۇلاسە قىلىندى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى.
**(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)**

## ئاقيار يېزىسىدا دىنىي زاتلار ۋە تالىپلار كۇرسى ئېچىلدى

ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقيار يېزىسى يېقىندا دىنىي زاتلار ۋە تالىپلار كۇرسى ئېچىپ، يېزىدىكى بارلىق "بەشتە ياخشى" مەسچىت ئىماملىرىنى ۋە ياش تالىپلارنى ئومۇميۈزلۈك تەربىيىگە ئىگە قىلدى. كۇرسقا يېزىدىكى 90دىن ئارتۇق چوڭ-كىچىك مەسچىتنىڭ ئىمامى ۋە ياش تالىپلار قاتناشتى.
**(مۇھەممەت مۇرتىزا)**

# تۆھپىكار دىنىي زاتلار

**سەن ئەلنى ئۇلۇغلىساڭ، ئەلمۇ سېنى ئۇلۇغلايدۇ. ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ئۇنىڭ قانچىلىك پۇل تاپقانلىقىدا ئەمەس، بەلكى تاپقان پۇلنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا قانچىلىك ئىشلىتەلىگەنلىكىدە.**

▲ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، كورلا شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، كورلا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى مەرھۇم ئېلى قارىي ھاجىنىڭ پەرزەنتلىرى مەرھۇمنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئاتىسىنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىغان 5000 يۈەن پۇلنى ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئىسلام دىنىي ئوقۇتۇش سىنىپىغا ئىئانە قىلدى. مەرھۇم ھايات چېغىدا ۋەتەننى، دىننى سۆيۈپ ھەر جەھەتتىن باشلامچى بولۇپ كەلگەن تۆھپىكار دىنىي زات ئىدى، 1999-يىل 9-ئاينىڭ 29-كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ نەزىر-چىراغلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش، ھەتتا ئۆتكۈزمەسلىك توغرىسىدا پەرزەنتلىرىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇپ ئوبلاستىمىزدىكى بارلىق دىنىي زات ۋە ئېتىقادچى ئاممىغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى.
**(مۇھەممەت تۇرسۇن)**

▲ **ئاتۇش شەھىرىدە** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدا ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىق شاملى ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا ئاتۇش شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار ئاممىغا ھەشەمەتچىلىك قىلىشنىڭ چوڭ زىيىنىنى، توي-تۆكۈن ۋە نەزىر-چىراغنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن 70 كىشىنىڭ نەزىرىنى، پەرزەنتلىرىدىن 50 جۈپ قىز-يىگىتنىڭ تويىنى ئاددىي ئۆتكۈزدى، بۇنىڭدىن تېجەپ قېلىنغان پۇلدىن مەكتەپلەرنى رېمونت قىلىشقا 50 مىڭ يۈەن، كۆۋرۈك سېلىش ۋە يول ياساشقا 40 مىڭ يۈەن، يېتىم-يېسىرلارغا، مېيىپلارغا، نامرات ئائىلىلەرگە 30 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى.
**(غالىبجان مۇھەممەت)**

▲ **مارالبېشى ناھىيە** ئالاغىر يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار بىرقانچە يىلدىن بېرى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يۈزلىنىپ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇلار بېيىغاندا نامراتلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى. نەتىجىدە، يېزىدىكى 70تىن ئارتۇق دىنىي زات ئۈچ يىلدىن بۇيان يېزا بويىچە 235 نامرات، يېتىم-يېسىر ۋە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىگە 23 مىڭ 892 يۈەن نەق پۇل، 17 مىڭ 350 كىلوگرام ئاشلىق، 163 كىلوگرام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆسمۈرلۈك مېيى، 125 كىلوگرام گۆش، 20 توننىدىن ئارتۇق ئوتۇن-كۆمۈر، 386 قۇر ھەر خىل كىيىم-كېچەك ئىئانە قىلدى. يول، كۆۋرۈك ياساشقا 12 مىڭ 550 يۈەن سەرپ قىلىپ يوللارنى راۋانلاشتۇردى.

**(ئوسمانجان بارات، ئازادگۈل رىشت)**

▲ **پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ** مىشا يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار نامرات، ئاجىز، يېتىم-يېسىر كىشىلەرگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى ئەڭ ساۋابلىق، شەرەپلىك ئىش دەپ تونۇپ، 1999-يىل ئىچىدە، ئۆز يېزىسى تەۋەسىدىكى نامرات، يېتىم-يېسىر، ئاجىز-مېيىپ قېرىنداشلىرىغا، كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ، ئۆي-ماكانىدىن، ئاشلىق-تۈلۈكىدىن ئايرىلغان قېرىنداشلىرىغا 3150 يۈەن نەق پۇل، 12 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 120 قۇر كىيىم-كېچەك، 190 ھارۋا ئوتۇن، 230 كىلوگرام كۆمۈر ياردەم قىلدى ھەمدە ئۇلارغا باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن ھۈنەر-تېخنىكا ئۆگىنىش، ئەمگەك قىلىش ھەققىدە تەربىيە بەردى.

**(مەخەت ھامۇللا)**

▲ **ئاۋات ناھىيە** بەشئېرىق بازىرىغا قاراشلىق تۆۋەنكى ئىماملىشا كەنتى 3-گۇرۇپپىسىدا ئولتۇرۇشلۇق دېھقان ھەم شۇ كەنت مەسچىتىنىڭ مەزىنى ھامۇت سامۇش پەقەت دېھقانچىلىققىلا تايىنىۋالماي قوشۇمچە ئىگىلىك تىكلەشكە ئاتلىنىپ، 1992-يىلى دەسلەپكى قەدەمدە 70 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا مەبلەغ ئاجرىتىپ، بىر كىچىك تېپتىكى ئۇن تارتىش زاۋۇتى قۇرغانىدى. 1996-يىلغا كەلگەندە 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئەسلىدىكى ئۇن زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ، سائىتىگە 500 كىلوگرام ئۆلچەملىك ئۇن تارتىپ چىقالايدىغان چوڭ تېپتىكى بىر ئۇن زاۋۇتى، كۈنىگە 85 كىلوگرام سۈپەتلىك ياغ تارتىپ چىقىرالايدىغان بىر دانە كىچىك تېپتىكى ياغ زاۋۇتى قۇرۇپ كارخانىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ھامۇت سامۇشنىڭ تىجارىتى كۈندىن-كۈنگە روناق تېپىپ، ئائىلە كىرىمىمۇ يىلدىن-يىلغا ئېشىپ، كەنت بويىچە ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەر قاتارىغا ئۆتتى. 1999-يىلغا كەلگەندە باقمىچىلىق قىلىش ئۈچۈن 50 تۇياق چوڭ-كىچىك چارۋا، 2000 دانە توخۇ سېتىۋېلىش بىلەن بىرگە 1.5مو يەرگە مەخسۇس سەي تېرىپ، ئائىلە كارخانىسىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى. ھامۇت سامۇش بېيىغاندا باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ ھازىرغىچە نامراتلارغا، مېيىپلارغا، مائارىپقا، كەنتكە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 8000 يۈەندىن ئارتۇق ماددىي ۋە مەنىۋى بۇيۇملار بىلەن مېھىر-شەپقەت يەتكۈزدى. دۆلەتكە يىلمۇيىل 5000 يۈەندىن ئارتۇق باج تاپشۇردى. ئۇ ئۆز كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ مەزىنلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 16 يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۈردە ھۆكۈمەت ۋە خەلققە ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ تىرىشىپ ئىگىلىك تىكلەپ، بېيىش يولىدىكى باشلامچى دىنىي زاتقا ئايلاندى.

**(ئەلقەم ھۈسەن)**

▲ **مارالبېشى ناھىيىسى** ئالاغىر يېزا قارا ئېقىن كەنت 3-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق دىنىي زات تۇرەك مۇھەممەت كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە 950 يۈەن قىممىتىدە ئون تال ياغاچ ياردەم قىلدى؛ ئۆز كەنتىدىكى ئىگە-چاقىسىز بىر ئائىلىگە 1200 يۈەن قىممىتىدە بىر ئېشەك ھارۋا، كىگىز ياردەم قىلغاندىن باشقا، ئون تال ياغاچ تەييارلاپ بىر ئېغىز ئۆي سېلىپ بەردى؛ كەنتتىكى 85 دېھقانغا 15 مىڭ 500 يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇردى؛ كەنتتىكى توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشتە، ئۇنىڭغا ئاتىغان پۇللار بىلەن نامرات، يېتىم-يېسىرلارنى قۇتۇلدۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. شۇنداقلا يەنە ئالاغىر يېزا 10-كەنت 1-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئالدىن بېيىغان دىنىي زات ئەيسا قارىي مۇھەممەت بۇ يىل 1-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 650 يۈەن سەرپ قىلىپ، 15 خالتا ئۇن سېتىۋېلىپ كەنتتىكى يوقسۇل ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى.

**(ئوسمانجان، بارات، ئارادگۈل رىشت)**

▲ **گۇما ناھىيىسىنىڭ** زاڭگۇي يېزا چارۋا مەيدان مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇغىنى ھاجىم دىنىي ۋەزىپىسىنى تـولـۇق ئورۇندىغاندىن سىرت، دېھقانچىلىق ھەم يەككە تىجارەت كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئائىلە ئىقتىسادىنى ياخشىلىغاندىن كېيىن، ئۆز مەھەللىسىدىكى ئاجىز، مېيىپ، نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ تونۇپ، 30 نامرات ئائىلىگە 9871 يۈەن قىممىتىدىكى 1480 كىلوگرام بۇغداي، 2550 كىلوگرام قوناق، 1705 يۈەن نەق پۇل، 35 كىلوگرام پاختا، 2500 كىلوگرام ئوتۇن ياردەم قىلدى ۋە ئىككى ئېغىز ئۆيىنىمۇ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا باشلانغۇچ مەكتەپكە 610 يۈەن نەق پۇل، بىر دانە ۋاسكېتبول، 24 قۇر كىيىم-كېچەك ئىئانە قىلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ "شەپقەتلىك دىنىي زات" دەپ تەرىپلىشىگە ۋە ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بولدى.

**(ئابلىمىت مۇھەممەت)**

▲ **مارالبېشى ناھىيە** ئاقساقمارال يېزا 19-كەنت 2-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق دىنىي زات ئەخەت جېلىل ھاجى

ئۆز يېنىدىن 8000 يۈەن پۇل، 30 تال ياغاچ چىقىرىپ، 19-كەنت بىلەن 1-كەنت ئوتتۇرىسىدىكى غول ئۆستەڭگە بىر كۆۋرۈك سېلىپ بېرىپ، بۇ ئىككى كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ بازارغا بېرىپ-كېلىشىگە زور قولايلىق يارىتىپ بەردى. شۇنداقلا يەنە ئاقسامارال يېزا مازار بېشى 19-كەنت 2-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق دىنىي زات ئەخەت ھاجى مۇلازىمەت كەسپىي بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن، 13 مىڭ 900 يۈەن پۇل ۋە 112 تال ياغاچ چىقىرىپ، مازار بېشى كەنتىگە ئالتە سىنىپ، بىر ئىشخانا، ئۈچ ئېغىزلىق ئوقۇغۇچىلار ياتىقىدىن تەركىب تاپقان بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىپ بەردى. يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېقىندا داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بۇ مەكتەپنى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتاشنى قارار قىلدى.

**(نۇرەخمەت موللا)**

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

▲ **قاراقاش ناھىيە** ياۋا يېزا كۆللەك كەنتىدىكى دېھقان كارخانىچى ئابدۇراخمان بارات ئۆز كەنتىگە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان مەرىپەتسۆيەر قەلبىنى ئىزھار قىلدى.

كۆللەك كەنتى ۋە شۇ ئەتراپتىكى بىرقانچە كەنتنىڭ يېزا مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئون نەچچە كىلومېتىر بولۇپ، بۇ كەنتلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشقا ئامالسىز قالغانىدى. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئايرىم ئوقۇغۇچىلار توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماي، ناتوغرا يوللاردا مېڭىپ، جەمئىيەتكە ۋە ئاتا-ئانىلارغا ئېغىر يۈك بولغانىدى. ئۇزاقتىن بۇيان بۇ مەسىلە ئۇنۇملۇك ھەل قىلىنمىغاچقا، شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت سapasى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەن بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئېغىر توسالغۇ بولۇۋاتاتتى. بۇ خىل ھالەتنى كۆرگەن دېھقان كارخانىچى ئابدۇراخمان بارات سېخىيلىق بىلەن ئۆز يېنىدىن 283 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، 625 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئالتە ئېغىز سىنىپ، بىر ئېغىز ئىشخانا، ئوقۇتقۇچىلار ياتاق ئۆيى، ئاشخانا ۋە ئامبار قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى سالدۇردى. ھازىر بۇ مەكتەپتە ئالتە سىنىپ، 220 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. يېقىندا، بۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 85 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى توسما تېمى، تۆمۈر رېشاتكا ۋە دەرۋازىلىرى پۈتتى. ئابدۇراخمان بارات بۇ مەكتەپنى مۇھىتى گۈزەل، ئەسلىھەلىرى تولۇق، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى كۈچلۈك بولغان، تولۇق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەرىپەت باغچىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، يەنە بىر نەچچە ئېغىز تەجرىبىخانا، قىرائەتخانا سېلىپ، تولۇق بولغان تەنتەربىيە، مۇزىكا، گۈزەل-سەنئەت سايمانلىرىنى سەپلەپ بېرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. يېقىندا، قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە "ئابدۇراخمان ئوتتۇرا مەكتىپى" دەپ، ئابدۇراخمان باراتقا "مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى" دەپ نام بەردى.

**(ئابلىز ساقى)**

▲ **كۇچار ناھىيىلىك** سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى راخمان ھاجى 1999-يىل 11-ئاينىڭ 1-كۈنى قاتناش ۋەقەسىدە قازا تاپقاندىن كېيىن، مەرھۇمنىڭ بالا-ۋاقىلىرى ھەشەمەتلىك نەزىر ئۆتكۈزمەكچى بولغانىدى، بىراق مەرھۇمنىڭ ھايات چېغىدا قالدۇرغان ۋەسىيىتىگە ئاساسەن مەرھۇمنىڭ نەزىرىگە ئاتالغان پۇلغا 10 تونىنا كۆمۈر، 50 خالتا ئۇن ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆز يېزا ۋە كەنتىدىكى يېتىم-يېسىر، مېيىپ-ئاجىز، غېرىب-غۇرۋالارنى يوقلاپ، مەرھۇمنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدىنى ئاخىر ئاقلىدى.

**(ئابلا مەخمۇت)**

▲ **مارالبېشى ناھىيە** چوڭقۇرچاق يېزا بازار ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەكرەم غوجەك 1980-يىللار مابەينىدە چوڭقۇرچاق يېزا بازىرى ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمانلىرىنى سېتىش دۇكىنى ئېچىپ ئالدىن بېيىغانىدى. ئۇ ئۆزى بېيىغاندا باشقىلارنى ئۇنتۇماي، مۇشۇ يېقىنقى ئون يىل مابەينىدە قىيىنچىلىقى ئېغىر نامرات ئائىلىلەرگە رامىزان ۋە روزا ھېيت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىزچىل تۈردە ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ كەلگەنىدى. ئۇ بۇ نۆۋەتتىكى رامىزان ئېيى ۋە روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆز كەنتىدىكى 25 نامرات ئائىلىگە جەمئىي 1750 كىلوگرام ئۇن، 200 كىلوگرام ئۆسۈملۈك مېيى ياردەم قىلغاندىن باشقا، ھەربىر ئائىلىگە بىردىن چەينەك، چايدان، ئىستاكان ۋە ئون مويسېپىت كىشىگە بىردىن تون تەقدىم قىلدى.

**(ئابدۇراخمان ئىسمائىل)**

▲ **ئاۋات ناھىيىسىنىڭ** بازارلىق ھۆكۈمەتكە قاراشلىق كوچا ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئولتۇرۇشلۇق روزى مۇھەممەت ھاجى مەخسۇس تۆمۈر سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن، يېقىنقى

www.uyghurkitap.com



ئىككى يىل داۋامىدا نامرات، ئاجىز-مېيىپ، باققۇچىسى يوق ئائىلىلەرگە ساخاۋەتلىك قولىنى سونۇپ، 9250 يۈەن قىممىتىدىكى ھەر خىل ماددىي بۇيۇملارنى ياردەم قىلىشتىن سىرت، يەنە 1999-يىل 12-ئاينىڭ 30-كـۈنى ئۆزىنىڭ ھالال كىرىمىدىن مەلۇم نىسبەت ئاجرىتىپ، ئاۋات بازارلىق ھۆكۈمەتكە قاراشلىق ئاھالىلەردىن 262 نەپەر ياشانغان، ئاجىز، باققۇچىسى يوق نامراتلارنىڭ روزا ھېيتنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن 17 تونىنا كۆمۈر سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا ئۆز قولى بىلەن تارقىتىپ بەردى. **(ئەلقەم ھۇسەن)**

▲ **مارالبېشى** ناھىيىسىدىكى يېڭىدىن سېلىنغان ئالاغىر يېزا نۇرباغ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دائىرە تېمى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن پۈتمەي قالغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئانايەت ھاجى يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكىگە كۆپچىلىك بار يەردە شۇنداق دېدى: "مەن كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ قولۇم پۇل كۆردى، ئەتراپىمىزدا مائارىپقا ياردەم بېرىۋاتقانلار، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ مەكتەپ سېلىپ بېرىۋاتقانلار ئاز ئەمەس، مائارىپنى قوللاش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى، مەن مەكتەپ سېلىپ بېرەلمىسەممۇ ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۆز يېنىمدىن ئون مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ مەكتەپنىڭ دائىرە تام قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىمەن. يەنە دائىرە تام ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارغا كېتىدىغان 65 مىڭ يۈەن پۇلنى ئۆز يېنىمدىن چىقىرىپ قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرىمەن، بۇ پۇلنى ئۈچ يىلغا بۆلۈپ قايتۇرساڭلار بولىدۇ". شۇنداق قىلىپ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 383 مېتىرلىق دائىرە تام، 204 مېتىر مەنزىرىلىك ئورمان بەلۋىغى، گۈللۈك، 16 كىشىلىك ھاجەتخانا، ئىككى ئېغىزلىق ئامبار قۇرۇلۇشى 29-نويابىر غەلىبىلىك تاماملاندى.

**(ئوسمانجان بارات،قادىرجان ئوبۇل)**

▲ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 53-تۈەن مىللىي 5-لىيەن ئەزاسى ئاۋۇت ھاجى كۆپ يىللاردىن بېرى چارۋىچىلىق بىلەن تىرىشىپ بېيىغاندا ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى: لىيەن مەركىزىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قارا يۇلغۇن مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭگە 2500 يۈەن سەرپ قىلىپ بىر تاش كۆۋرۈك سېلىپ بەردى. مېيىپ ئەزالىرى بار 20 نەچچە نامرات ئائىلىگە چوڭ-كىچىك 92 تـۇياق چارۋا، 5000 كىلوگرام ئاشلىق، لىيەننىڭ مەسچىتىگە 3000 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى. 1999-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى 5-لىيەندىكى 15 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ئۇرۇق بۇغداي سېتىۋالالماي قىيىنىلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارغا 2000 كىلوگرام بۇغداي ياردەم قىلدى. 1999-يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنى ئۇ يەنە 1500 يۈەن سەرپ قىلىپ 5-لىيەن باشلانغۇچ مەكتىپىگە بىر تاش قۇدۇق قازدۇرۇپ بېرىپ، 105 ئوقۇغۇچى، ئون ئائىلىلىك دېھقاننىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: "مەن تەييارلىق كۆرۈۋاتىمەن، كەلگۈسىدە چوقۇم 5-لىيەن خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئاۋۇت ھاجىم مەكتىپى دەپ ئىسىم قويۇپ، تارىخنىڭ ئۆچمەس يادىكارى بولۇپ قالغۇدەك بىر زامانغا لايىق، يورۇق، ئازادە، كەڭرى مەكتەپ سېلىپ بېرىمەن". **(ھەسەنجان قارىي)**

▲ **ئۈچتۇرپان ناھىيە** ئاقيار يېزا بازار كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق موزدۇز تۇرسۇن ھاجى ئون يىلدىن بېرى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6000 يۈەن كىرىم قىلىپ ئائىلىسىنى ئوبدان قامدىغاندىن سىرت كەمبەغەللەر، يېتىم-يېسىرلارغا 50 جۈپ ئاياغنى ھەقسىز تىكىپ بەردى، 1000دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھەر خىل ئاياغلىرىنى ھەقسىز ياماپ بەردى. ئۇ يەنە يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە 30 يېتىم-مېيىپ بالىنى شاگىرتلىققا ئېلىپ ھۈنەر ئۆگىتىپ قويدى، ئون نەچچە يېتىم بالىنى ئۆزى ئىگە بولۇپ ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ قويدى. **(مۇھەممەت مۇرتىزا)**

▲ **كۇچار ناھىيە** چىمەن يېزا 2-دۈيدىكى ئاددىي دېھقان ھېلىم ئاخۇن 1999-يىلى ھەرەمگە بېرىش نىيىتىدە ئاز-تولا ئىقتىساد تەييارلىغانىدى. ئەمما 1998-يىل ئەتىيازدا ئۆگەن دەرياسىغا كەلگەن سۇ تاشقىنىدا، كۇچار ناھىيىسىنىڭ 4 يېزىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈكنىڭ بىرمۇنچە يېرىنى سۇ ئېقىتىپ كېتىپ، دېھقانلارنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، دېھقانلارغا زور قولايسىزلىق پەيدا قىلغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئېچىنغان ھېلىم ئاخۇن ھەرەمگە تەييارلىغان پۇلنى سەرپ قىلىپ ۋە دېھقانلارنىڭ ئىختىيارىي ياردىمى بىلەن كۆۋرۈكنىڭ سۇ ئېلىپ كەتكەن يېرىنى ياساپ پۈتتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ قاتنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپ خەلقنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ئەمما 1999-يىل ئەتىيازدىكى سۇ كەلكۈنى يەنە كۆۋرۈكنىڭ بىرمۇنچە يېرىنى ئېقىتىپ كېتىپ، دېھقانلارنىڭ قاتناش يولى يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھېلىم ئاخۇن 11-ئايدىن 12-ئايغىچە ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۈچ تەشكىللەپ ۋە كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ قوللاپ ياردەم بېرىشى بىلەن 30 كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ 110 مېتىر يەرگە كۆۋرۈك سېلىپ، ھۆكۈمەت ۋە كەڭ

جامائەتنىڭ قىزغىن مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر بولدى. **(ئابلا مەھمۇت)**

▲ **مارالبېشى ناھىيە** چوگقۇرچاق يېزا ئۆستەڭبويى 18-كەنتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھازىر چوگقۇرچاق يېزا بازىرى ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان ماھىر ياغاچچى مۇھەممەت يۈسۈپ يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بېرى ياغاچچىلىق ۋە بىناكارلىق كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغانىدى. ئۇ ئۆستەڭبويى كەنتىدىكى جامە مەسچىتىنىڭ كونىراپ، خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، مەسچىت يېڭىلاشقا ئۆز يېنىدىن 18 مىڭ 500 يۈەن چىقىرىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، 168 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە پىششىق خىشلىق مەسچىت سالدۇرۇپ 1999-يىل 10-ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتتۈرۈپ، شۇ جايدىكى مۇسۇلمان ئاممىنىڭ خاتىرجەم ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى. **(ئابدۇراخمان ئىسمائىل، ئاسىيگۈل ئابدۇرەھىم)**

▲ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 53-تۈەن مىللىي 2-لىيەندە ئولتۇرۇشلۇق گاس، گاچا توختاخۇن ۋەلسىيىت رېمونت قىلىش ھۈنىرىنى پۇختا ئىگەللەپ، بىر جۈپ ئىشچان قولىغا تايىنىپ تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىغان ئائىلىلەردىن بولۇپ قالدى. بېيىغاندا ئۇ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق جايغا يېڭىدىن سېلىنماقچى بولغان مەسچىتكە 300 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى، ئۇ يەنە ھازىرغا قەدەر 2500دىن ئارتۇق ۋەلسىپىت ۋە يەلچاقلىق ھارۋىلارنى ھەقسىز رېمونت قىلىپ بەردى، قىينچىلىقى بار بىرقانچە كىشىگە 15 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇردى. **(ھەسەنجان قارىي)**

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

▲ 1999-يىل 11-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە **ئاتۇش** شەھىرىدە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ئوبلاستنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يەتتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان 81 ۋەكىل ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى مۇھەممەت مۇسا ئوبلاستلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت نامىدىن يىغىندا سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى يىغىندا تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. ئوبلاستلىق بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى غېنى ھېلىم، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلىز ئابدۇكېرىملەرمۇ يىغىندا سۆز قىلدى. يىغىندا ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام دىنى 2-نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. تۈزىتىلگەن «قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» ماقۇللاندى. دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۆتكەن نۆۋەتلىك رەئىسى ھۈسەيىن ھاجى(قىرغىز) پەخرىي رەئىسلىككە، جەرىللا قارىي ھاجى(ئۇيغۇر) رەئىسلىككە، نىياز قارىي ھاجى(قىرغىز)، ئابلا ئابدۇۋېلى(ئۇيغۇر)، ھۈسىيىن چۈرە(قىرغىز)، مۇھەممەت ئالىي سەرتاي(قىرغىز)لار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئابدۇقادىر تاھىر(قىرغىز) باش كاتىپلىققا سايلاندى ۋە 16 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. **(غالىبجان مۇھەممەت)**

▲ 1999-يىل 11-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 11-كۈنىگىچە **شىخەنزە** شەھىرىدە شىخەنزە شەھەرلىك ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى تەنتەنىلىك ئېچىلدى. يىغىنغا ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىدىن 100دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. 8-دىۋىزىيە پارتكومى، شىخەنزە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش، 8-دىۋىزىيە بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ساۋەن، ماناس ناھىيىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىننى تەبرىكلىدى ۋە سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، بىڭتۈەن پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار يىغىنغا تەبرىك خېتى ۋە تەبرىك تېلگراممىسى ئەۋەتتى. يىغىندا ئالدىنقى قاتارلىق ھەيئەتنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە جەمئىيەتنىڭ يېڭى نىزامنامىسى تۈزىتىلىپ ماقۇللاندى، شۇنداقلا يېڭى قارارلىق جەمئىيەت باشلىقلىرى سايلاندى.

**(ھۈسەنجان)**

▲ 1999-يىل 11-ئاينىڭ 11-ۋە 12-كۈنلىرى **ئاقسۇ** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى تۇنجى نۆۋەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋەز مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. مۇسابىقىگە سەككىز ناھىيەدىن 11 ماھىر قاتناشتى. باھالىغۇچىلارنىڭ ئەستايىدىل نومۇر قويۇشى ئارقىلىق نەتىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان نۇرمەھەممەت ئابلىمىت ھاجى مەملىكەتلىك 3-نۆۋەتلىك ۋەز مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان نامزات بولدى. **(مۇقارەپ ئالىم)**

▲ 1999-يىل 11-ئاينىڭ 18-كۈنى **تۇرپان** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋەز مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردىن بەش ماھىر قاتناشتى. باھالاش ھەيئىتى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇرەھىم قارىي ھاجى قاتارلىق تۆت ئاخۇن-ئۆلىمادىن تەركىب تاپتى. ئەستايىدىل باھالاش ئارقىلىق تۇرپان شەھىرىدىن سىراجىدىن ئابدۇرەھىم داموللام ۋە پىچان ناھىيىسىدىن ئابدۇرەقىب داموللامىلارنىڭ ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋەز مۇسابىقىسىگە تاللاندى. **(شاھمەردان ئىمىننىياز)**

▲ 1999-يىل 10-ئاينىڭ 15-كۈنى **يېڭىسار** ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ھەرقايسى يېزا(بازار)لاردىكى دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى، ناھىيە بازىرىدىكى جۈمە مەسچىتلىرىنىڭ ئىمام، خاتىپلىرى بولۇپ 110 كىشى قاتناشتى. يىغىنغا يەنە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. يىغىن ئەھلى 2-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى، تۈزىتىلگەن يېڭى نىزامنامىنى ۋە يىغىن قارارىنى ماقۇللىدى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك ھەيئىتىنى سايلاپ چىقتى. ئابلىمىت داموللا ھاجى رەئىس، جۇمە ئوسمان، ئابابەكرى يۈسۈپ، جالالىدىن ھاجى مۇئاۋىن رەئىس، جۇمە ئوسمان باش كاتىپ بولۇپ سايلاندى. يىغىن ئاخىرىدا 20 "بەشتە ياخشى" مەسچىت، 30 "بەشتە ياخشى" دىنىي زات ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلاندى. **(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)**

▲1999-يىل 11-ئاينىڭ 4-كۈنى بىڭتۇەن مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئۈرۈمچى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى 1-ماي دېھقانچىلىق مەيدانىدا شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ھاجىلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى؛ يىغىنغا بىڭتۇەن مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئۈرۈمچى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى 6-دىۋىزىيە قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ھاجىلاردىن بولۇپ 20دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىندا ھاجىلار بەس-بەستە سۆز قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ھەج تاۋاپ قىلىشقا نېسىپ بولغانلىقلىرىنى، بۇنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان غەمخورلۇقى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ باشلامچى بولۇپ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ھەسسە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. يىغىن ئاخىرىدا بىڭتۇەن مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى روزى ئىبراھىم سۆز قىلىپ ھاجىلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**(ھۈسەنجان)**

▲ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى بىرلىكتە تۈنجى نۆۋەت تەشكىللىگەن دىنىي زاتلارنىڭ شىمالىي شىنجاڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكى 1999-يىل 8-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 14-كۈنىگىچە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى. ئۆمەكتىكى 30 كىشى ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر)لەردىكى سىياسىي كېڭەش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىگە يېڭىدىن سايلانغان رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسىدىن يۇقىرى دىنىي زات ۋەكىللىرىدىن بولۇپ، ئۇلار ئاقسۇ، كورلا، تۇرپان، ئۈرۈمچى، قاراماي، غۇلجا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 50يىلدىن بۇيان ھەرقايسى جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى كۆردى، شەھەرلەرنى، زاۋۇت، كان-كارخانىلارنى، داڭلىق ئاسارە-ئەتىقە ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، قوشنا ۋىلايەتلىرىنىڭ مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمەتلىرى، مەسچىتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق دىنىي زاتلار بىردەك: "بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە ئارقىلىق بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى كۆردۇق، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆگەنگەن تەجرىبە-تەسىراتلىرىمىزنى كەڭ تەشۋىق قىلىمىز" دېيىشتى. ئۆمەك ئەزالىرى بارغانلىكى جايدا پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. **(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)**

▲ 2000-يىل 1-ئاينىڭ 6-كۈنى كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە كەلپىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يىلقى رامزان ئىيدا 100دىن ئارتۇق دىنىي كەسپدارلارغا ئىپتا بەردى. ئىپتاردا، كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش مۇسا ئەيسا يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ ناھىيىنىڭ مىللەت-دىن خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى خۇلاسىلاپ ئۆتتى. كەلپىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى مۇھەممەت تام ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاسىم مەخسۇت، مىللەتلەر-دىن ئىشلار ئىدارىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى بۈگۈنكى ئىتپارغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ھەر مىللەت موسۇلمانلىرىنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى ئۆرۈپ-ئادىتىنى بىللە ئۆتكۈزدى.

**(سەمەت دالى)**

▲ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى دىنىي ساھەلەرنىڭ 2-قېتىملىق "قوش بەشتە ياخشى"لارنى تەقدىرلەش يىغىنى 1999-يىل 12-ئاينىڭ 7-كۈنى ئېچىلىپ، "بەشتە ياخشى" 30 مەسچىت ۋە "بەشتە ياخشى" 40 دىنىي زات مۇكاپاتلاندى.

**(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)**

▲ 1999-يىل 12-ئاينىڭ 2-كۈنى پەيزىۋات ناھىيىسى دىنىي ساھەدىكى "بەشتە ياخشى" مەسچىت، "بەشتە ياخشى" دىنىي زاتلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى چاقىرىپ، 51 مەسچىت ۋە 61 دىنىي زاتنى ماددىي بويۇم بىلەن مۇكاپاتلىدى.

**( ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)**

▲ 2000-يىل كىرگەندىن بۇيان قاغىلىق ناھىيە جاڭگىئەسكى يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېزا تەۋەسىدىكى نامرات دىنىي زات ئائىلىسى ۋە قىيىنچىلىقى ئېغىر ئاممىغا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن يېزا كادىرلىرىنى پۇل ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى؛ يىغىلغان 3750 يۈەن پۇلغا 90 خالتا ئۇن، 108 كىلوگرام ئۆسۈملۈك مېيى سېتىۋېلىپ 1-ئاينىڭ باشلىرىدا نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ روزا رامىزاننى ۋە ھېيتنى ئوبدان ئۆتكۈزۈشكە ياردەم بەردى.

**(سىدىق تۇردى)**


▲ غۇلجا ناھىيە دولان دېھقانچىلىق مەيدانى 2-ئەترەت جۈمە مەسچىتى 27 مو تېرىلغۇ يېرى ۋە بەش ئېغىزلىق ئۆيىنى كۆتۈرە بېرىپ، تاپقان پۇلنى ساخاۋەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىپ يەرلىك ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. بۇ مەسچىت بىرقانچە يىلدىن بۇيان قىيىنچىلىقى ئېغىر يېتىم-مېيىپلارنى بەش قېتىمدىن ئارتۇق يوقلاپ ئۇلارغا ئۇن، كۆمۈر، پۇل ياردەم قىلدى، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتا قالغان ئۈچ ئائىلىگە ئاخىرەتلىك ئىشلارنى ئۆزىتىشقا ياردەم بەردى. چارۋىچى قېرىنداشلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللە سىرتىدىكى ئون ئائىلىدە ئوت ئاپىتى كۆرۈلگەندە 300 يۈەن ئىئانە قىلدى؛ ئۆتكەن يىل 3-ئايدا ئاقسۇ شەھىرىدىن كېلىپ، يولدىن ئادىشىپ بۇ جايغا كېلىپ قالغان بىر مېيىپ ئايالنىڭ يول راسخوتىنى بېرىپ، يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويدى؛ يەنە ئىگە-چاقىسىز بىر ئايال ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا ئۇنىڭ داۋالىنىشىغا 500 يۈەن ئاجرىتىپ بەردى. بۇ مەسچىت يېقىندا يەنە 20گە يېقىن نامرات ئائىلىگە 500 يۈەن، ئەترەت قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېتىم-يېسىر، مېيىپ، نامرات ئوقۇغۇچىلىرىغا 500 يۈەن قىممىتىدە قىشلىق كىيىم-كېچەك ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مەسچىت ياشانغان، ئىگە-چاقىسىز ئۈچ كىشىنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ. بۇ مەسچىت يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن 1998-يىل مەيدان بويىچە "بەشتە ياخشى" مەسچىت، 1999-يىل غۇلجا ناھىيىسى بويىچە "بەشتە ياخشى" مەسچىت بولۇپ باھالاندى.

**(ئابدۇغېنى ئابدۇكېرىم)**

▲ **كەلپىن** ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 2000-يىل 1-ئاينىڭ 6-كۈنى 6-قېتىملىق دىنىي زاتلار چوڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشتا ئاممىغا باشلامچى بولغان مۇھەممەت ساۋۇت قارىي داموللام ھاجىم، ئابلىمىت يەھيا قارىي داموللا ھاجىم قاتارلىق 15 نەپەر "بەشتە ياخشى" دىنىي زات ۋە 15 "بەشتە ياخشى" مەسچىتنى تەقدىرلىدى.

**(سەمەت دالى)**


# جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ خاتىرىلى




ىغىن شىزاڭ مۇسۇلمانلىرى ۋەكىلى، لاسا مەسچىتىنىڭ زاگىزو
ـمامى ياقۇپ هاجى ئاخۇنۇمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن
ئلاندى.




يىغىن ئەھلى 6-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالىلانىڭ دەرگاھىغا
سەپەر قىلغان مەرھۇم سالىھ ئەن شۇيى داموللا هاجىم قاتارلىق
رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، دائىمىي ھەيئەت ۋە ھەيئەت ئەزالىرىغا
ئاتاپ دۇئا-تىلاۋەت قىلدى.




ۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن هاجى
ىغىنىنىڭ ئېچىلىش نۇتقىنى سۆزلىدى.



دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن دۆلەت دىن
ئىشلىرى ئىدارىسىگە ۋاكالىتەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە
يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.



-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش
ـاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن 6-نۆۋەتلىك دائىمىي
ەيئەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەردى.



يېڭىدىن سايلانغان 7-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى
ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن هاجى ئاخۇنۇم يىغىنىنىڭ يېپىلىش
نۇتقىنى سۆزلىدى.

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولغان شەرەپلىك ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەر

قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى. قەشقەر يەكەن ناھىيىسى، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى، ئاقسۇ باي ناھىيىسى، خوتەن قاراقاش ناھىيىسى، بايىنغولىن كورلا شەھىرى، ئاقسۇ توقسۇ ناھىيىسى، ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسى.

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىللىق توپلىمىنى سېتىۋالغۇچىلار سەمىگە

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىللىق توپلىمىدىن يەنە بىرئاز قىسمى بار. سېتىۋېلىشنى خالىغۇچىلار تەھرىر بۆلۈمىمىزگە پۇلنى يوللاپ بەرسە دەرھال ئەۋەتىپ بېرىمىز. باھاسى 25 يۈەن (پوچتا ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئادرېسىمىز ۋە تېلېفون نومۇرى ژۇرنالدىكىدەك.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

## مۇشتەرىلەردىن ئۆزرە

بۇ سانلىق ژۇرنىلىمىزدىكى ئىككى پارچە مۇھىم دىنىي ماقالە— مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ «زىكرى (ئاللانى ياد ئېتىش) ھەققىدە» ۋە ئۇستاز قەمەردىننىڭ «"بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم" توغرىسىدا» دېگەن ماقالىلىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ باسمىدىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ۋاقىت كەتكەنلىكى ئۈچۈن ژۇرنىلىمىز كېچىكىپ چىقتى. مۇشتەرىلەردىن ئالاھىدە ئۆزرە سورايمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

## ژۇرنىلىمىزنىڭ جايلاردىكى ژۇرنال سېتىش نۇقتىلىرى

قەشقەر "تەڭرىتاغ كىتابخانىسى"، قەشقەر "مەھمۇد قەشقەرى كىتابخانىسى"، ئۈرۈمچى "تەڭرىقۇت كىتابخانىسى"، ئاتۇش "تەۋپىق كىتابخانىسى"، كورلا جامە كىتاب دۇكىنى، قومۇل "ئابدۇراخمان قارىم كىتابخانىسى".

ژۇرنىلىمىزنىڭ تارقىتىش-سېتىش نۇقتىسى بولۇشنى خالىغۇچى باشقا كىتابخانا، كىتاب يايمىسى، كىتاب دۇكانلىرىنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىشىنى قارشى ئالىمىز. ژۇرنالنى يىللىق 100 دىن ئارتۇق، ژۇرنال توپلىمىنى 30 دىن ئارتۇق سېتىشنى ئۈستىگە ئالغۇچىلارغا 20 پىرسەنت ئېتىبار قىلىنىدۇ (پوچتا ھەققى بۇنىڭ سىرتىدا). ئادرېسىمىز ۋە تېلېفون نومۇرىمىز ژۇرنالدىكىدەك.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ISSN 1007-5836

9 771007 583001 03>

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» 《中国穆斯林》(维吾尔文版)

2000-يىل 1-سان(ئومۇمىي 54-سان) 2000 年第一期(总 54 期)

ژۇرنالنىڭ خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11—1346/B 刊号:

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ 公开发行

باھاسى: 4.00 يۈەن 定价: 4.00 元